قۇرئان نەسلىنىڭ قايتىدىن بەرپا قىلىنىشى ئۈچۈن

# يۈرەك دۆلىتى

مۇستاپا ئىسلامئوغلى

# يۈرەك دۆلىتى

مۇستاپا ئىسلامئوغلى

www.hayatkitabim.com

www.yuzlen.net

## مۇندەرىجە

كىرىش سۆز ........................................................... 7

## بىرىنچى باپ

ئىنسان ۋە ئالەم ........................................................ 9
مەۋجۇدىيەت تولغىقى ................................................... 13
يوقالسۇن بىرىنچى تۈزۈم .............................................. 23
ئىنسانلار ۋە قۇربانلار ................................................... 29
بىر مۇئامىلە شەكلى « مۇۋازىنەت » ................................... 39
مۇۋازىنەتسىزلىكنىڭ تارىخىي ئارقا كۆرىنىشى ........................ 45
مۇۋازىنەتسىزلىكنىڭ كۆنمىزدىكى ئىپادىسى ........................... 49

## ئىككىنچى باپ

ئىچكى بايلىقنىڭ قېزىپ چىقىرىلىشىدىكى مەنىۋىي ئامىللار ............ 63
ماكان ...................................................................... 65
ۋاقىت ...................................................................... 77
ئېقىلىم .................................................................... 83
مېۋە ....................................................................... 87
خاتىمە ..................................................................... 131

# كىرىش سۆز

مۇھىت بۇلغىنىشىدىنمۇ خەتەرلىك بولغان نەرسە، ھېس - تۇيغۇ ۋە چۈشەنچىنىڭ بولغىنىشىدۇر.
توختىماي داۋاملىشىۋاتقان كۆڭۈل ئىشغالىيەتلىرى.
سۆيگۈ قەتلىئاملىرى.
ئورگانلار ئارىسىدا داۋام قىلغان « ئىچكى ئۇرۇش ».
شەخسىي تۈزۈملەر، بۇتخانىغا ئايلىنىپ قالغان قەلپلەر، پەقەتلا قارايدىغان كور كۆزلەر، پاسسىپ ھالغا چۈشۈپ قالغان ئىدراك، ئوغرىغا بېرىپ قويۇلغان تۇيغۇلار ۋە كىشىنى ئەنسىرىتىدىغان ئىنسانىي ئاجىزلىق بولغان ئوتتۇراھال بولالماسلىق...
ئېرپان، ئىھسان، تەقۋا ۋە بۇلاردىن تەشكىل تاپقان ئىچكى بايلىق، تىرەنلىك، غالىبىيەت ۋە قىرامىغا يەتكەن كىشىلىك.
پۈتۈن بۇلارمۇ؟
بولدى قىلىڭ، بۇلارنىڭ ھەممىسى سىزنىڭ مەسىلىڭىز.
بۇ دۇنيادا ئازادلىقنا ئېرىشىشنى كۈتىۋاتقان زېمىنلار، دۆلەتلەر، ئىجتىمائىي جەمئىيەتلەر ۋە شەخسلەر بار. ئۇلارنى قۇتقۇزىشىمىز كېرەك. قاراڭ، پالانى يەرمۇ « ئىشغال قىلىندى ». ئەمدى ئۇلارنى كىم قۇتقۇزىدۇ؟
قارار سىزنىڭ. يۇقىرىقىلارنى ئۆزىڭىزگە دەرت قىلىۋالغان بولسىڭىز، ئەڭ ياخشىسى سىز بۇ كىتاپنى ئوقۇماڭ. چۈنكى بۇ كىتاپ ئۇلار ھەققىدە ئەمەس، سىز ھەققىدە توختىلىدۇ.

# بىرىنچى باپ

## ئىنسان ۋە ئالەم

ئىنسانىنىڭ ئىچىدىكى كائىناتنى تونۇش ئارقىلىق كائىناتتىكى ئىنسانىنى چۈشەنگىلى بولىدۇ.

كائىنات بىلەن ئىنسان ئارىسىدا ئاجايىپ ئىنچىكە مۇناسىۋەت بار. بۇ مۇناسىۋەتنىڭ سىرى شەيئىلەرنىڭ ھەقىقىتىدە ياتماقتا. « ئى رەببىم! ماڭا كائىناتنىڭ ماھىيىتىنى ( سىرىنى ) بىلدۈرگىن » دەپ دۇئا قىلغان رەسۇلۇللاھ، مانا بۇ ئىنچىكە مۇناسىۋەتنى بىلىپ يېتىشكە تىرىشقانىدى. بۇ مۇناسىۋەتنى تونۇپ يەتكەندە نېمىگە ئېرىشەتتى؟ ئىنسانىنىڭ مەخلۇقاتلار ئىچىدىكى ئورنىنى تېخىمۇ ياخشى چۈشىنەتتى، ئۆزىنى تونۇپ يېتەتتى، ھەددىنى ۋە رەببىنى تونۇپ يېتەتتى. بۇ چۈشىنىش، تونۇش ۋە بىلىش سايىسىدە، كائىنات بىلەن « زىت » ھالغا ( باغىي، فاھىشا ) چۈشۈپ قالمايتتى، ئىلاھىي سىنارىيىدە ئۆزىگە بېرىلگەن رولنى ئەڭ ياخشى شەكىلدە ( ئىرادە قىلىپ ) تاللاپ « ئاڭلىدۇق ۋە ئىتائەت قىلدۇق » دېگەن كائىنات بىلەن ماسلىشىش ئىچىدە بولۇشقا تىرىشاتتى. ئىنسان بىلەن كائىنات ئارىسىدىكى بۇ ئىنچىكە مۇناسىۋەت سەۋەبىدىن بەزى ھېكىم ( تىۋىپ)لەر ئىنسانىنى « كىچىك ئالەم » دەپ ئاتىغان. بۇ ئەھۋالدا كائىناتنى « چوڭ ئىنسان » دېيىشكە توغرا كېلىدۇ.

مەۋجۇدات « ئاللاھ » مەركەزلىك بولۇپ، مەخلۇقات « ئىنسان »نى مەركەز قىلغان.

مەخلۇقاتنىڭ ئىنسانىنى مەركەز قىلىشىنىڭ سىرى، ئىنسانىنىڭ مەخلۇقاتلار ئىچىدە ئەڭ مۆتىۋەر بولغانلىقىدا ياتماقتا. ئاللاھ ھەر شەيئىنى ئىنسان ئۈچۈن، ئىنسانىنى ئۆزى ئۈچۈن ياراتقان. مەخلۇقلارنىڭ دەرىجىسىنى بەلگىلەش خالىقىقا ئائىت بولىدۇ، ئەلۋەتتە. ئاللاھ بۇنى بەلگىلىگەن بولۇپ، بۇ

دەرىجە تىزلىشىغا باشقىلارنىڭ ئارلىششىنى ياقتۇرمىغان، ئۆزى ئۈچۈن ياراتقان ئىنساننىڭ ئۆزىدىن غەيرىگە مەنسۇپ بولۇشىغا رازى بولمىغان.

ئىنساننىڭ ئىنسانغا، ئىنساننىڭ شەيئىلەرگە، مەۋھۇم داۋالارغا، بىتون بىنالارغا، ۋەقىپلەرگە، تەشكىلاتلارغا، ژورناللارغا، خانىقالارغا، خۇلاسە كالام، دەرىجە جەھەتتىن ئۆزىنىڭ لايىقى بولمىغان شەيئىلەرگە قۇربان قىلىنىشى، باغلىنىۋىتىلىشى، ئىنساننىڭ مۆتىۋەرلىكىگە داغ چۈشۈرگەنلىك بولىدۇ. شېرىك، كۇپۇر، نىفاق ۋە رىيا بۇ دەرىجىنىڭ بۇزۇلۇشىدىن كېلىپ چىقىدۇ ئەمەسمۇ؟

ئىنسان ئەسلىدە خوجايىنى قىلىپ يارىتىلغان شەيئىنىڭ قۇلىغا ئايلىنىپ قالغان بولسا، ئالدى بىلەن ئۆزىنى ئۇ دەرىجىگە چۈشۈرۈپ قويغۇچىغا، ئاندىن ئۆزىنىڭ مۆتىۋەرلىك سالاھىيىتىگە ھاقارەت قىلغان بولىدۇ. پۇل، مال – مۈلۈك، تېخنىكىنىڭ ساھىبى بولۇشى كېرەك تۇرۇقلۇق، ئۇ شەيئىلەرنىڭ قۇلىغا ئايلىنىپ قالغان بولسا، ئىنسان ھەددىنى ئاشقان بولىدۇ. قۇرئان تىلى بىلەن بۇنىڭ ئىسمى « باغي ( ئاشقۇنلىق ) » بولىدۇ.

ھەر نەرسىنى ئۆز جايىدا تۇتۇش ( ئاللاھ ھەر نەرسىگە ئۆز ئورنىنى بەلگىلەپ بەرگەن ) « ھېكمەت »؛ دۇنيادىكى ئىنساننىڭ تىرىشچانلىقى كۆرەش؛ ئىنساندىكى دۇنيانىڭ كۆرىشىنى « مۇداخىلە »دۇر. بىرىنچىسىنىڭ بىلىمگە ئىلىم، ئىككىنچىسىنىڭ ئېرپان، بىرىنچىسى بىلەن ئىككىنچىسىنى تەڭپۇڭلاشتۇرغان چۈشەنچە ( ئاڭ ) ۋە ھەرىكەت سەۋىيىسىدە ياشاشنى « تەقۋا » دەپ ئاتايمىز.

كائىناتتىكى ھەممە نەرسە، يارىتىلىش ھېكمىتى دائىرىسىدە ۋەزىپىسىنى تولۇق ئادا قىلماقتا. يارىتىلىش ھېكمىتىگە خىلاپ ھالدا ھەرىكەت قىلىش كۈچى بولمىسىمۇ، لېكىن كائىناتتىكى ماسلىشىش ( بىردەكلىك )نى بۇزۇش، بۇ بىردەكلىككە قارشى ھەرىكەت قىلىش كۈچى پەقەت ئىنسانغا بېرىلگەن. ئەلۋەتتە، بۇمۇ ئىلاھىي بىر « ھېكمەت »نىڭ تەقەززاسى. ئىنسانغا قارشى چىقىش ھوقوقى بېرىلگەنلىكى ئۈچۈن، ئىنساننىڭ ئىتائىتى باشقا مەخلۇقلارنىڭ ئىتائىتىدىن باشقىچە مەنىگە ئىگە.

سەۋەپتە ئوخشاشماسلىق بولسىمۇ بۇنى بىر ئوخشىتىش بىلەن چۈشەندۈرسەك، ئىنساننىڭ ئاللاھقا بولغان ئىتائىتى، قۇلنىڭ خوجايىنىغا بولغان ئىتائىتىگە ئوخشاش ئەمەس.

ئىسيان بولمىغان يەردە ئىتائەتنىڭ مەنىسى بولمايدۇ. شۇڭا پەقەت ئىنساننىڭلا ئىتائىتىنىڭ مۇكاپاتى « جەننەت »دۇر. چۈنكى، ئىنساندىن باشقا

بارلىق مەخلۇقلارمۇ ئاللاھقا ئىتائەت قىلماقتا. بۇ سەۋەپتىن ياراتقان مەخلۇقلىرى ئىچىدە پەقەت ئىنسانلا « بەندە » بولۇش ئىمتىيازىغا ئىگە ۋە ئىنسان ئاللاھنىڭ قۇلى ئەمەس، بەندىسى بولغان.

« ماكرو ئىنسان » بولغان كائىناتنىڭ تېخى بايقالمىغان يۇلتۇزلىرى، پىلانىتلىرى، قاراڭغۇ ئۆڭكۈرلىرى بولغان بولسا، « مىكرو كائىنات » بولغان ئىنساننىڭ ئىچىدىمۇ بايقىلىشنى كۈتىۋاتقان دۇنيالىرى بار. كوسمولوگىيە ئالەمنىڭ تۈزۈلۈشىنى بايقاش ئىلمىنىڭ ئىسمى. ئېرپان ئىنساندىكى كائىناتنى بايقاشنىڭ ئىسمى. كوسمولوگىيە بىلەن ئېرپان ئارىسىدىكى پەرق، بىرسىنىڭ تاشقى ئالەم، يەنە بىرسىنىڭ ئىچكى ئالەمگە قارىتىلغان بولىشىدۇر.

مۇشۇنچىلىكمۇ؟

ئۇنداق ئەمەس، ئەلۋەتتە. زامانىۋىي ئەسۋاپلار بىلەن كائىناتنىڭ يىراق جايلىرىنى بايقاش ئۈچۈن ئاتلانغان ئىنسان، ئىچىدىكى كائىناتتىن بىخەۋەر ياشىماقتا. قىزىلنۇر تېخنىكسى بىلەن قانچە مىليارد نۇر يىلى يىراقلىقتىكى بىر پىلانىتنى بايقىغان ئىنسان، ئىچىدىكى پىلانىتلاردىن، قارا ئۆڭكۈرلەردىن، قىتئەلەردىن ھازىرغىچە بىخەۋەر.

بەلكىم، ئىنساننىڭ ئىچكى دۇنياسىنى بايقاش ئۈچۈن سەپەرگە ئاتلىنىشى، ئالەم بوشلىقىدىكى دۇنيانى بايقىشقا قارىغاندا مۇشكۇل ۋە قىيىنلىقىغا ماس ھالدا ئالقىشقا ئەرزىگۈدەك بىر ئىش بولسا كېرەك.

ئېرپان، ئىچكى دۇنيانى بايقاشنىڭ مېتودى.

سەۋەپلىرى نوقتىسىدىن ئىلىم كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان، ئېرپان كۆرۈنمەس خۇسۇسىيەتكە ئىگە. بۇ يەردە تېخنىكىلىق نوقتىدىن « روشەن – يوشۇرۇن » دەپ ئايرىشنى مۇۋاپىق كۆرمىگەنلىكىمىزنى، بۇنداق بىر چۈشەنچىنىڭ « تەۋھىد »كە ئاساسلىنىدىغان ئىسلام ئىلاھىيىتىدە ئورنى يوقلىقىنى ئەسكەرتىشىمىز زۆرۈر. بۇ شەيئىلەرنىڭ تەبئىتىدىكى كۆپ قىرلىق تەرەپىنى ئىنكار قىلىشىمىزنى تەقەززا قىلمايدۇ، ئەلۋەتتە. بۇ كۆپ قىرلىق قۇرۇلما ھەققىدىكى مەلۇماتقا بېرىلگەن ئىسىملارمۇ پەرقلىق بولىدۇ. مۇھىم بولغان تەرەپ، ئوخشىمىغان سەزگۈلەر ( قەلىپ ۋە ئەقىل ) بىلەن ئېرىشكەن تەجرىبىلەر ( ئىلىم ۋە ئېرپان )نى مۇۋاپىق بىر زېمىندا ئېرىتىپ، ئىلگەك

( قۇرئان ۋە سۈننەت )تىن ئۆتكۈزۈپ ئېرىشكەن « ئۆز » ( ھېكمەت ) ئارقىلىق شەيئىلەرنىڭ ھەقىقىتىگە يېتىشتۇر.

شەيئىلەردە تىك، يانتۇ ۋە چوڭقۇرلۇق ( ئۈچ يۆنىلىش ) دەپ بىلىنگەن ئۈچ تەرەپ، ئىنساندا ئىلىم، ئېرپان ۋە ھېكمەت شەكلىدە ئۆزىنى نامايەت قىلىدۇ. ئىنسان ئېنىغا، بويىغا ۋە ئىچىگە قاراپ مۇۋاپىق شەكىلدە چوڭقايماقچى بولسا، بۇ تەرەپلەرنىڭ ھېچبىرىگە سەل قارىماسلىقى لازىم.

فىزولوگىيە نوقتىسىدىنمۇ « بىنۇرمال ئوزۇقلىنىش »نىڭ ئىنسان ۋۇجۇدىغا بېرىدىغان سەلبىي تەسىرى ئىنكار قىلغىلى بولمايدىغان بىر ھەقىقەت. ھېسسىي ۋە تەپەككۇر جەھەتتىكى بىنۇرمال ئوزۇقلىنىشنىڭ، ئىنسان مەنىۋىي دۇنياسىدا پەيدا قىلىدىغان بۇزغۇنچىلىقنىڭ كۆلىمى، فىزولوگىيىلىك بۇزغۇنچىلىقتىن تېخىمۇ قورقۇنچلۇق بولىدۇ. ئالدىنقىسىنىڭ نەتىجىسى جىسمى ئۆلۈم بولىدۇ. لېكىن كېيىنكىسىنىڭ مەنىۋىي ئۆلۈمدىن ئىبارەت. بۇ ئەھۋال ئېتىقادلىق بىرى ئۈچۈن ئېلىپ ئېيتقاندا، نېمىدىن دېرەك بېرىدىغانلىقىنى تەخمىن قىلىش قىيىن بولمىسا كېرەك.

تاشقى دۇنيامىزدىكى بارلىق « رىئاللىق »لارنىڭ ( ھايات، ئۆلۈم، دۈشمەن، كېسەللىك، دورا ... ) قارشىسىدا، ئىچكى دۇنيامىزنىڭ ۋازكەچكىلى بولمايدىغان ھەقىقەتلىرىنى قايتىدىن بايقاشقا مەجبۇرمىز. ئىچكى دۇنيامىزدا بۇلارنى تاپالمىغان مۇددەتچە، تاشقى دۇنيامىزدىكى ھەقىقەتلەرنىڭ ھېكمىتىنى ھېچقاچان چۈشۈنۈپ يېتەلمەيمىز.

# مەۋجۇدىيەت تولغىقى

ھەرقانداق دۇنيا قاراش، « مەن كىم؟ نېمە ئۈچۈن مەۋجۇت بولدۇم؟ قەيەردىن كېلىپ، قەيەرگە كېتىپ بارىمەن؟ » دېگەنگە ئوخشاش ئىنساننىڭ ئاساسلىق مەۋجۇتلۇق سوئاللىرىغا جاۋاپ تېپىشى زۆرۈر. بۇ ئاساسلىق سوئاللارغا جاۋاپ تاپالمىغان بىر دۇنيا قاراش زاۋاللىققا مەھكۇم بولىدۇ.

بارلىق ئىزملار ( ئىدىدىئولوگىيلەر ) ئىنساننىڭ بەخت – سائادىتىنى كۆزلەيدىغانلىقىنى ئىلگىرى سۈرمەكتە. بۇ، قەدىمكى ۋە ھازىرقى دەۋردىكى باتىل دىنلار ( ئىدىدىئولوگىيەلەر )نىڭ ھەممىسىنىڭ ئورتاق شۇئارى. خوش، ئىنساننى تونۇماي تۇرۇپ، ئىنسانغا مۇناسىۋەتلىك ئاساسلىق سوئاللارغا توغرا جاۋاپ بەرمەستىن، ئىنساننىڭ بەخت – سائادىتىنى قولغا كەلتۈرۈش مۇمكىنمۇ؟

بۇنىڭ مۇمكىن بولمايدىغانلىقى، بۇنىڭدىن كېيىنمۇ مۇمكىن بولمايدىغانلىقى ئىنسانىيەت تارىخى بىزگە يەتكۈزگەن تەجرىبىلەردىن بىرى. بەلكىم، بۇ ئەڭ ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدىغان تەجرىبە - ساۋاقلاردىن بولىشى مۇمكىن. بۇ ئاساسلىق سوئاللارغا جاۋاپ ۋە ئېنىقلىما تاپالمىغان ئىدىدىئولوگىيلەرنىڭ، ھەر قېتىم ئىنسانىيەتكە بەخت – سائادەت ئەمەس، ئەكسىچە پالاكەت ئېلىپ كەلگەنلىكىنى بىلمەيدىغانلار بارمۇ؟ بۇتپەرەست يۇنان ۋە ئەسلىگە بۇزغۇنچىلىق قىلىش سايىسىدە مەيدانغا كەلگەن خىرىستىيانلىقنىڭ زىناسىدىن تۇغۇلغان، ئەقلىدىن ئازغان غەرپ مەدەنىيىتى ئىنسانىيەت ۋە ئۇنىڭ پاك – پاكىز دۇنياسىنى پالاكەتكە ئېلىپ كېتىۋاتقان ئەڭ ئاخىرقى ۋە بەلكىم ئەڭ خەتەرلىك نەرسە.

ئىسلام ئالەمشۇمۇل بىر بەخت – سائادەتنىڭ ئىسمى؛ بۈگۈنكى غەرپ مەدەنىيتى بولسا، قىزىل ۋە قارا جاھانگىرلار ئىنسانىيەتنى سۆرەپ كېتىۋاتقان ئالەمشۇمۇل پالاكەتنىڭ ئىسمى. جۇلىيا – گرېكنىڭ زىناسىنىڭ نەتىجىسى بولغان بۇ ھارامزادە دادىسىنى تارتقان تەرىپى بىلەن ماركسىزمنى؛ ئانىسىنى تارتقان تەرىپى بىلەن كاپىتالىزمدىن ئىبارەت بۇ بالانى

ئىنسانىيەتكە مۇسەللەت قىلىپ، ئۆزى بىلەن قوشۇپ بارلىق ئىنسانلارنى ھالاكەتكە سۆرەپ كېتىۋاتىدۇ. ئۆزىنى مەدەنىيەت دەپ ئاتىۋالغان بۇ سەپسەتىچىنىڭ ئىنسانىيەت سائادىتى ھەققىدىكى دەۋاسى پەقەت كۆز بوياپچىلىقتىن ئىبارەت، خالاس.

زامانىۋىي تۈزۈملەر بويۇنتۇرۇقى ئاستىدا ياشاۋاتقان ئىنسانلارنىڭ مەۋجۇدىيەتكە مۇناسىۋەتلىك سوئاللارنى سورىشىغا پۇرسەت بەرمەسلىك ئۈچۈن، قولىدىكى بارلىق ئىمكانىيەتنى سەپەرۋەر قىلماقتا. ئىنساننىڭ ئەقلىنى لال قىلىدىغان تېخنىكىلارنى بىر « سېھىر » ئورنىدا ئىشلەتمەكتە ۋە ئىنسانىيەت ئائىلىسىنى بۇ ئەپسۇن بىلەن سېھىرلەپ ئۇخلاتماقتا.

تېخنىكا... « ئاقىل » بولغان بولسىمۇ « بالىغ ( يېتىلگەن ) » بولالمىغان ئەخلاقسىز بىر مەدەنىيەتنىڭ مەھسۇلى. پىشىپ – يېتىلىپ قىران مەزگىلگە قەدەم قويىشى ئارزۇ قىلىنمىغان ئىنسانىيەتنىڭ خەتەرلىك ئويۇنچىقى... تېخنىكا، مۇشرىكلار بۇت قىلىپ ياساپ، ئاچ قالغاندا يېگەن ھالۋىلىرىدىنمۇ بەكرەك كارغا كېلىدىغان بىر « ئويۇنچۇق » بولۇپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ بىغۇبار ئەمەس. ئىنسان بۇ ئويۇنچۇق بىلەن دۇنيا ۋە ئاخىرىتىنى خەتەرگە ئاتماقتا، تەبىئەتنىكى تەڭپۇڭلۇقنى بۇزماقتا.

تېخنىكىنىڭ ئېكولوگىيىلىك تەڭپۇڭلۇقنى بۇزۇۋشى ئايرىم بىر مەسىلە، ئۇنى ھازىرچە تىلغا ئالمايمىز. تېخنىكا بۇزۇپ تاشلىغان يەنە بىر تەڭپۇڭلۇق بار بولۇپ، ئەسلىدە بىز بۇ ھەقتە توختالماقچى، ئۇ ئىنساننىڭ مەنىۋىي تەڭپۇڭلىقىدىن ئىبارەت. ئىسلامدىن باشقا بارلىق تۈزۈملەر ئىشقا ئاشۇرماقچى بولغان نەرسە دەل بۇ تەڭپۇڭلۇقنى بۇزۇپ تاشلاش. يەنى، ئىنساننىڭ تەبىئىتىنى بۇزۇپ، « مەۋجۇدىيەت تولغىقى » يېمەسلىكى ئۈچۈن ئۇنى تېخنىكا بىلەن بىھوش قىلىپ ئۇخلىتىش. بۇ نىشەكەشلىكتىنمۇ خەتەرلىك بىر ئىش. تېخنىكا بىلەن بىھوش قىلىنغانلارنى ئويغىتىدىغان بىر شىپاخانا يوق.

ئىنسانلار « نېمە ئۈچۈن؟ » ۋە « نېمىشقا؟ » سوئاللىرىنى سوراپ قالىدۇ دېگەن غەم بىلەن زامانىۋىي تۈزۈم خاتىرجەم ئۇخلىيالمايۋاتىدۇ. شۇڭا ئىنساننىڭ تەپەككۇر ۋە ھېس – تۇيغۇلىرىنى باشقا تەرەپكە بۇراش ئۈچۈن، ئۇچۇر – ئالاقە ۋاستىلىرى ۋە تەلىم – تەربىيە يولى ئارقىلىق زور تىرىشچانلىق كۆرسىتىۋاتىدۇ. ئېكسپالاتاتسىيە چاقىنى توختىماي ئايلاندۇرۇپ

تۇرۇش ئۇچۇن مۇزىكا، تەنتەربىيە، ھەتتا دىننى « بىھۇش » قىلغۇچى سۈپىتىدە ئىشلىتىۋاتقانلىقىنى ھەممەيلەن كۆرۈۋاتىمىز.

بۇلارنىڭ ھەممىسى، ئىنسانىيەت يوقۇتۇپ قويغان ئەسلى كىملىكى بولغان « ئىسلام »نى، يەنى « ئىنساننىڭ ئۆزىنى » قايتا تېپىۋالماسلىقى ئۈچۈن قۇرۇلغان ئويۇنلار. ھەزرىتى ئادەم، نۇھ، سالىھ، ئىبراھىم ۋە مۇسانى تەمسىل قىلغان بىر ئېتىقادقا قارشى شەيتاننى، نۇھ، ئاد، سەمۇد ۋە لۇت قەۋمىنى، نەمرۇت ۋە فىرئەۋننى تەمسىل قىلغان، پۈتۈن بۇ ئىسمى تىلغا ئېلىنغان قەۋم ۋە شەخسلەرنىڭ خاراكتېرىنى ئۆزىگە مۇجەسسەملەشتۈرگەن « غەرب زامانىۋىيلىقى » ئىنسانلارنىڭ ئالدىغا سۈرۈلمەكتە.

« مەن كىم؟ نېمە ئۈچۈن ياشايمەن؟ قەيەردىن كېلىپ، قەيەرگە كېتىپ بارىمەن؟ » دېگەندەك بۇ ھاياتلىق سوئاللىرى، ئۆز ئالدىغا ئەقىل بىلەن جاۋاپ بېرەلەيدىغان سوئاللار ئەمەس. چۈنكى بۇ سوئاللارنىڭ جاۋاپلىرى مەخلۇقات ئالىمىنىڭ سىرتىدا. بۇنىڭغا ئوخشاش « مەۋجۇدىيەت » سوئاللىرىغا پەقەت ۋەھىيلا جاۋاپ بېرەلەيدۇ.

ئىلاھىي ۋەھىينىڭ ئەڭ ئاخىرقى خىتاپ قىلىنغۇچىسى بولغان رەسۇلۇللاھنىڭمۇ ۋەھىي كېلىشتىن بۇرۇن « مەۋجۇدىيەت تولغىقى » بىلەن بۇ سوئاللارغا جاۋاپ ئىزدىگەنلىكىنى نازىل بولغان تۇنجى ۋەھىي مەزمۇنىدىن بىلىۋالالايمىز.

ئاللاھ رەسۇلىنىڭ مۇكەممەل بىر دەۋەتچى بولالىشى ئۈچۈن ئىچكى بايلىقىنى قېزىشى، ئىچكى دۇنياسىنى بىلىشى كېرەك ئىدى. بۇ سەۋەپتىن ئۇنىڭ ھىرا كۈنلىرى قارىماققا كىشىلەردىن ئۆزىنى تارتىشتەك كۆرۈنسىمۇ، ماھىيەتتە ئىچكى دۇنياسىدا بىر ھەرىكەت، بىر بايقاش ۋە بىر ساياھەت ئىدى.

ئۇ، دەۋەتنىڭ ئەڭ ئېغىر قىسمىنى تەشكىل قىلغان « ۋەھىي » يۈكىنى توشىيدىغان قەلبىنى، بۇ ئېغىر يۈكنى كۆتۈرەلىگىدەك ھالغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن تىرىشىۋاتاتتى ياكى رەببى تەرىپىدىن بۇنىڭغا مايىل قىلىنغانىدى. چۈنكى ئۇنىڭ قەلبى ۋەھىي بارىسى بولاتتى. ۋەھىينىڭ بايانىغا ئاساسەن ئەگەر تاغلارغا نازىل قىلىنغان بولسا، تاغلار « كۇكۇم تالغان » بولۇپ كېتىدىغان ( ھەشر، 21 ) « ئېغىر بىر سۆزگە » ( مۇززەممىل، 5 ) بازا بولىدىغان بۇنداق بىر قەلبى « پاكلىنىشى » زۆرۈر ئىدى.

ئاللاھ رەسۇلى « ھېكمەت »كە تالىپ بولغان ھەر قانداق كىشىگە ئوخشاش ئىچىدىكى بىپايان كائىناتنى بايقاش ئۈچۈن ھىرادا كۆڭۈل دۇنياسىدا سەپەرگە چىققاندى. ئۇ ئەڭ باشتا ئۆگەنگەن نەرسە « ئىزدەش » ئىدى. ئاندىن نېمىنى ئىزدىشى كېرەكلىكى ھەققىدىكى سوئالغا جاۋاپ تېپىشقا تىرىشتى. رەببى ئۇنىڭغا ھەر ۋاقىت ياردەم قىلىپ يول كۆرسەتتى ( ھىدايەت ). ئاندىن قەيەردە ئىزدىشى كېرەكلىكى ئۆگىتىلدى.

ئۇ ئۆزىنى ئىزدەۋاتاتتى. ئۆزىنى تېپىش، ئۆزىنى بىلىش ئۈچۈن ئىچكى دۇنياسىدا ئۇزۇن سەپەرلەرگە چىقاتتى. ھەر يېڭى بايقاش ئۇنى باشقا ئىزدىنىشلەرگە يۈزلەندۈرەتتى. بۇ ئىزدىنىشلەر نەتىجىسىدە ئۇ شۇنداق بىر نوقتىغا كەلگەن بولۇپ، ئۇ نوقتا ۋەھىينىڭ بوسوغۇسى ئىدى. سورىغان سوئاللىرىغا پەقەت ۋەھيى جاۋاپ بېرەلەيتتى. ئىنساننىڭ كۈچى تۈگىگەن يەردە ئاللاھنىڭ « بەندىسىگە » ياردىمى باشلانغاندى:

ئوقۇ،

ياراتقان رەببىڭنىڭ نامى بىلەن.

ئۇ ئىنساننى ئەلەق ( لەختە قان )تىن ياراتتى.

ئوقۇ، رەببىڭ ئەڭ كەرەملىكتۇر.

ئۇ قەلەم بىلەن ( خەت يېزىشنى ) ئۆگەتتى.

ئۇ ئىنسانغا بىلمىگەن نەرسىلەرنى بىلدۈردى ( ئەلەق سۈرىسى، 1 – 5 ).

شۇنداق، ئاللاھ ئىنسانغا بىلمىگەننى ئۆگەتكەندى.

ئىنسان « مەن كىم؟ » سوئالىنىڭ جاۋابىنى بىلمەيتتى. ئۆز كىملىكىنى، نېمە ئۈچۈن يارىتىلغانلىقىنى بىلدى. ھەممىدىن بۇرۇن كىمنىڭ ياراتقانلىقىنى ( ياراتقان رەببىنى ) بىلدى. سوئاللىرىغا قانداق جاۋاپ تاپىدىغانلىقىنى، ئۆگىنىش يوللىرىنى ( ئىقرا بىل قەلەم ) بىلدى. ھەممىدىن مۇھىمى ۋەھيىنىڭ ھەقىقەتىنىڭ ئەڭ چوڭ ئۇستازى ئىكەنلىكىنى بىلدى. خۇلاسىلىگەندە، ئىنسان بىلمىگەن، جاۋاپ تاپالمىغان نەرسىلەرنىڭ جاۋابىنىڭ ئاللاھتا ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ ۋەھيىسىدە ئىكەنلىكىنى بىلدى.

ئېرىشكەن بۇ جاۋاپلىرى بىلەن « مەۋجۇدىيەت تولغىقى » ئاخىرلىشىپ، ئۇنىڭ ئورنىنى « ئۇبۇدىييەت، ئۇلۇھىييەت ۋە رۇبۇبىييەت چۈشەنچىسى » ( ھېكمەت، تەقۋا، ھىدايەت ) ئالغاندى. مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى ۋە ھەقىقەت ئىشقى پەيدا بولغاندى.

مۇئمنلەر، « ئەڭ ياخشى ئۆرنەك »لەر بىشىدىن ئۆتكۈزگەن بۇ چوڭقۇر تەجرىبە نەتىجىسىدىن پايدىلىناتتى. ئۇ ئەۋەتكەن خەۋەرلەرنى ئەڭ ياخشى شەكىلدە ئۆزلەشتۈرۈش ئۈچۈن، ئىچكى بايلىقنى قېزىپ چىقىرىش ئارقىلىق ۋۇجۇدقا چىقىدىغانلىقنى بىلىشى كېرەك ئىدى. ئەڭ ئاخىرقى ۋە تاماملانغان ۋەھيىنىڭ خىتاپ قىلىنغۇچىسى بولغان شەخسلەرنىڭ ۋەھيىدىن مەنپەئەتلىنىشى، ۋەھيىنىڭ تۇنجى خىتاپ قىلىنغۇچىسىنىڭ ئىچكى بايلىقىغا يېقىنلىشىشى بىلەن ئۇنىڭ تاناسىپ هالدا مۇمكىن بولاتتى.

ۋەھيىنى مەركەز قىلمىغان دۇنيا قاراشلارمۇ مەۋجۇدىيەت ھەققىدىكى بۇ سوئاللارغا جاۋاپ ئىزدىگەن. « ئىنسان كىم؟ » دېگەن سوئالغا بۇلاردىن بەزىلىرىنىڭ بىۋاستە ياكى ۋاستىلىق هالدا بەرگەن جاۋابىنى چىقىش نوقتىسى قىلساق، بۇنىڭ خۇددى ئەمانىڭ پىلنى چۈشەندۈرۈشكە ئوخشايدىغانلىقىنى روشەن كۆرگىلى بولىدۇ.

دېسكارتىس بۇ سوئالغان « ئىنسان تەپەككۇر قىلىدىغان جانلىق » شەكلىدە جاۋاپ بەرگەن. يەنى، مۇكەممەل ۋە مۇرەككەپ يارىتىلىشقا ئىگە ئىنساننى پارچىلاپ، « ئىنسان باش » دېگەن جاۋاپنى بەرگەن. ئاندرى گىدە، « ئىنسان هىس قىلىدىغان هايۋان » دەيدۇ. ئۇمۇ پارچىنى پۈتۈن دەپ قالغانلاردىن بىرى ئىدى. ئىنساننىڭ باشقا تەرەپلىرىنى بىر پۈتۈن گەۋدە ئىچىدە كۆرمىگەنلىكى ئۈچۈن، بىر ئۆمۈر « هۆرلۈك » نامى ئاستىدا ئەخلاقسىزلىقنى ياقلىدى. بىزدىكى ئېرقچىلارنىڭ پىشىۋاسى ئەملە دۇركهېيمە ئۈچۈن ئېلىپ ئېيتقاندا، « ئىنسان ئىجتىمائىي هايۋان ». قەۋمنى بۇتلاشتۇرغان بۇ كىشىنىڭ ئەكسىچە، ئا. جامۇس شەخس ۋە شەخسىيەتچىلىكنى بۇتلاشتۇرۇپ، « ئىنسان ئىسيان قىلغۇچى جانلىق » دەيدۇ. بۇ ئۈچ كىشىنىڭ ئىنسانغا بولغان تونۇشى قارىماققا پەرقلىقتەك كۆرۈنگەن بىلەن ئۇلارنىڭ ئورتاق نوقتىلىرى بار. يەنى، ئۆزنى ئۇلتۇرۇۋېلىشقا هەددىدىن زىيادە قىزىقىشى. غەرپنىڭ بۇ كېسەل ئىنسانلىرى ئىجاتچىسى بولغان پىكىر ۋىرۇسنى كېيىنكى نەسىللەرنىڭ زېھنلىرىگە سىڭدۈرۈشتىن تەپ تارتمىدى. « مەۋجۇدىيەت » سوئالغا ماركس تاپقان جاۋاپ تېخىمۇ قىزىقارلىق بولۇپ، ئۇ « ئىنسان سايمان ( ئەسۋاپ ) ئىشلىتىدىغان هايۋان » دېگەندى.

بۇ پاراگرافتا تىلغا ئالغانلىرىم بىرەر ئاددىي ئۆرنەك. بۇ، غەرپ پەخىرلەنگەن كىشىلەرنىڭ ئەڭ ئاددىي سوئاللارغا مۇۋاپىق نوقتىئىنەزەر بىلەن

قارىيالمىغانلىقىنى بىر ئىپادىسى. ئەلۋەتتە، ھەر بىرىنىڭ دېگەنلىرىدە ھەقىقەتتىن بىر پارچە بار. ئەمما بەزىدە پارچىلانغان ھەقىقەت، ھەقىقەت بولالماي قالىدۇ. ئىنسان تەپەككۇر قىلىدۇ، ھېس قىلىدۇ، قەۋملەر ھالىتىدە ياشايدۇ، ئەسۋاپ ئىشلىتىدۇ... بۇلارنىڭ ھەممىسى ئىنساندىكى دۇنيانىڭ پەقەت بىرەر قىسمى. بۇ نەزەرىيىلەرنىڭ ھېچقايسىسى ئىنساننى بىر پۈتۈن گەۋدە سۈپىتىدە چۈشەندۈرەلمىگەن بولۇپ، ئۇنى پارچىلاپ بۆلۈۋەتكەن. بۇنداق پارچىلىغۇچى ۋە چولتا ئىنسان چۈشەنچىسى ئۈستىگە قۇرۇلغان بىر مەدەنىيەتتىن ئىنساننى سائادەتكە ئېرىشتۈرۈشنى قانداقمۇ ئۈمىت قىلالايمىز؟

بۇ تار دائىرىدە چۈشىنىش كېيىنكى مەزگىللەردە ئىسلام ئىلاھىيىتىدە باش كۆتۈردى.

بەشەرى تەلىماتلار، ئاللاھنىڭ ئىنساننى « ئەھسەنى تەقۋىم ( ئەڭ چىرايلىق ) » شەكلىدە ياراتقانلىقى ھەقىقىتىدىن تولىمۇ يىراق. « ئەھسەنى تەقۋىم » ئۈستىدە يارىتىش نېمە دېگەنلىك بولىدۇ؟ ئۇ يارىتىلىشتىكى مۇكەممەللىكنىش ئىقتىدارىنى كۆرسىتىدۇ. شۇڭا ھەر ئىنسان بۇنىڭغا يارىشا ئەزا ۋە قابىلىيەت بىلەن تولۇق قوراللانغان شەكىلدە يارىتىلغان. ئىنساننى نەرسىگە ئايلاندۇرۇپ، نەرسىلەرنى ئۈلۈغ قىلغان بىر « مەدەنىيەت »تىن ئىنسانغا ئىنسانىي شەكىلدە مۇئامىلە قىلىشنى ئۈمىد قىلالمايمىز.

ئىنساننى ئىنسان قىلغان بارلىق قىممەت - قاراشلار قەتلى قىلىنىۋاتىدۇ. كارغا كېلىدىغان ئەزالىرىنى پالەچ قىلىپ، ئىنساننى گۆش ۋە سۆڭەك يىغىندىسىغا ئايلاندۇرماقچى بولىۋاتىدۇ. بۈگۈن، ئۇزۇندىن بېرى ھالال جىسمانىي ۋە ئەقىل ئەمگەكلىرى شۈمۈرلۈپ كېلىۋاتقان ئىنساننىڭ يۈرەك تەرلىرىگە كۆز تىكىۋاتىدۇ. ئىنساننى تېخنىكىنىڭ ئىشغالىيىتىدىن ساقلاپ قالالايدىغان ئەڭ ئاخىرقى قەلئەسى بولغان تۇيغۇلىرىنى پۇل پىسخىكىسى، ئالتۇنچى ھېس، تەلەكىنەزى ( جىسىملارغا يېقىنلاشماستىن زېھىن كۈچى بىلەن ھەرىكەتلەندۈرۈش )…. قاتارلىق تىجارەتكە مۇۋاپىق ھالغا كەلتۈرمەكچى بولىۋاتىدۇ.

غەرپ زامانىۋىيلىقىنىڭ « ئىنسان نېمە؟ » دېگەن سوئالىغا ئەڭ كەڭ دائىرىدە بەرگەن جاۋابى « ئىنسان ئىنساننىڭ قۇلى »دىن ئىبارەت بولدى. ئۇلار بۇ ئازغۇن چۈشەنچە ئاساسىدا شەكىللەندۈرگەن ئورمان قانۇنىنى ئەڭ

جەلىپ قىلارلىق شەكىلدە كىشىنى مەھلىيا قىلغۇچى بولاقلار بىلەن بىزەپ ئىنسانلارغا سۇنماقتا ۋە بۇ ئارقىلىق جىسمانىي، ئەقلىي ۋە يۈرەك قان – تەرىنى سۈمۈرمەكتە؛ مېڭە، بىلەك ۋە يۈرەكلەرگە كۆرۈنمەس زەنجىرلەر سالماقتا. ھەقىقىي ئەركىنلىككە ئېرىشمەسلىكى ئۈچۈن كىشىلەرنىڭ كۆڭلىنى يالغان ئەركىنلىكلەر بىلەن خوش قىلماقتا. زامانىۋىي قۇللۇق قەدىمكى قۇللۇقتا قارىغاندا ناھايىتى چوڭ دائىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالماقتا. ئەندىشەم شۇكى، بويىنىغا سېلىنغان زەنجىرنى مارجان، سولانغان قەپەسلەرنى ساراي دەپ قارىغان زامانىۋىي قۇللارنىڭ قەدىمكى قۇللارغا قارىغاندا تەلەيلىك بولىشى ناتايىن. چۈنكى ھازىرقى ئىنسانلارنى قۇلغا ئايلىنىپ قالغانلىقىغا ئىشەندۈرۈش بەسى مۈشكۈل.

بۇ خىل مىللەت ھالىتىدە پادىغا ئايلاندۇرۇشقا پەقەت يۈرىكى، زېھنى ۋە بىلىكىگە سېلىنغان زەنجىرلەرنى پاچاقلاپ تاشلىيالىغانلار قارشى تۇرالايدۇ. دۇنيانىڭ ئۆتكۈنچى مەئىشەتلىرىگە ئالدانماي، ئۆزىنى باقىي ھەقىقەتلەرگە بېغىشلىغان كىشىلەر بۇنداق بىر جەمئىيەتتە « ئەمەلىيەتتە بىز ھۆر دەپ ئۆزىنىڭ » ھۆر ئىكەنلىكىنى دەۋا قىلالايدۇ. مۇشۇنداق پادىلاشتۇرۇش ھەرىكىتى دائىرىسىگە ئېلىنغان جەمئىيەتلەرنىڭ نىجادلىقىغا ئېرىشىشى ئۈچۈن زۆرۈر بولغان دىنامىك ئامىللار يەنىلا بۇ « ھۆر » شەخسلەر بولىدۇ. بىباھا ھۆرىيىتىنى، خەلقئارا ئېكسپىلاتاتسىيە تۈزۈمى ۋەدە قىلغان بىر پارچە ئۆتكۈنچى ھالاۋەتكە ساتمىغان بۇ ھۆر شەخسلەر، ھەقىقىي ئەركىنلىكنىڭ جانلىق سىمۋولى سۈپىتىدە بىر كۈن بولسىمۇ ياشىغان جەمئىيەتتە « مەھشەرى ۋىجدان »نىڭ ئويغۇنىشىغا باشلامچى بولىدۇ.

ئىنسان، مەۋجۇدىيەتكە مۇناسىۋەتلىك ئاساسلىق سوئاللارغا پەقەت ۋەھيي ئارقىلىق جاۋاپ تاپالايدۇ، دېگەنىدۇق. ئىسلام، ئىنسانىنىڭ ئەبەدىي بەخت – سائادىتىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىدىغان ئەڭ ئاخىرقى ۋەھيىنىڭ ئىسمىدۇر.

ئىسلام ۋە ئىنسان خۇددى گۆش ۋە تىرناقتا، ئۇرۇق بىلەن تۇپراقتا ئوخشاش بىر – بىرى ئۈچۈن يارىتىلغان. ھەقىقىي ئەركىنلىكنىڭ ئىسمى بولغان ئىسلامنى ئىنسانىسز، ئىنسانىنى ئىسلامسىز ھالغا كەلتۈرگەن ۋاقىتتا پالاكەت باشلىنىدۇ.

ئىسلام، ئىنساننىڭ كائىنات، تەبىئەت ۋە ئىنسان بىلەن ماسلىشىش ئىچىدە مەۋجۇت بولىشىدۇر.

ئىسلام، ئىنساننى ئىنسان قىلغان قىممەتلەر گەۋدىسى.

ئىسلام، كىيىن بېرىلگەن ئۇشۇق يۈك ئەمەس، ئەكسىچە « ئۆز »دە مەۋجۇت بولغان ھەقىقەتلەرنىڭ ئۇتتۇرىغا چىقىرىلىشى بولۇپ، تولۇقلاش بولۇشتىن زىيادە مەۋجۇت گۆھەرنى قېزىپ چىقىرىشتۇر. بۇ تەلىماتنىڭ ئالاھىدىلىكى پاك فىترەت، زېھن ۋە قەلبنىڭ ئۈستىدە پەيدا بولغان كىر، دات ۋە توپىنى تازلايدۇ.

ئىسلامنىڭ ئۆزى ياد ئېتىش بولۇپ، ئىنساننى پاكلايدۇ.

ئىنسان ئىزدەۋاتقان نەرسە ئىسلام، ئىسلام ئىزدەۋاتقان نەرسە ئىنسان بولۇپ، بۇ ئىككى ئاشق – مەشۇقنىڭ جەم بولىشى بىلەن ئىمان مەيدانىغا كېلىدۇ. ئىنساننىڭ ئىسلامنى ھاياتىغا تەدبىقلىشى بىلەن ئەمەل، ئۆگىنىشى بىلەن ئىلىم، كۆرىشى بىلەن ئېھسان، تونۇشى بىلەن ئېرپان، مەسئۇلىيەت تۇيغۇسىغا ئىگە بولۇپ ياشىشى بىلەن تەقۋا روياپقا چىقىدۇ. بۇ يەردە كەڭ دائىرىلىك مەنىگە ئىگە بولغان « تەقۋا » ئۇقۇمنىڭ باشقا مەنىلىرىگە، بولۇپمۇ باتىلدىن ساقلىنىپ ھەققە چىڭ يېپىشىش دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدىغان « ئەمەل »گە ئەمەس، « ئەقىدىۋى » مەنىسىگە دىققەت قىلىشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن.

ئىنسان ئۆز مەيلىگە قويىۋېتىلگەن ھالدا يارىتىلمىغان ( قىيامەت، 36 ). ئۇ تاللايدۇ، لېكىن تەيىن قىلالمايدۇ. ئىنساننى ياراتقۇچى، ئەلۋەتتە، ياراتقان ئىنسان ئۈچۈن بىر ھايات مىزانى بەلگىلىگەن. بەزى يۇنان پەيلاسوپلىرىدەك ياراتقۇچىنىڭ بارلىقىغا ئىشىنىپ، ئۇ بەلگىلىگەن ھايات مىزانىغا ئىشەنمەسلىك ئەھمەقلىق بولىدۇ. ئاللاھ ئاسمانلارنى، زېمىننى ۋە ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى نەرسىلەرنى ئىچ پۇشقى بولسۇن دەپ ( بىكارغا ) ياراتمىدى ( دۇخان، 38 ). ياراتقۇچىنىڭ ئاچلىق ھېس قىلمايدىغان، ئۇسسىمايدىغان، قېيىنچىلىقتا قالمايدىغان، پۈتۈن بۇلاردىن خالىي بولىشى نەزەردە تۇتۇلغاندا، ئىنساننىڭ ياراتقۇچىسىغا يەتكۈزىدىغان بىر ياخشىلىقتىن سۆز قىلىش مۇمكىن ئەمەس.

« جىنلارنى، ئىنسانلارنى پەقەت ماڭا ئىبادەت قىلىش ئۈچۈنلا ياراتتىم. ئۇلاردىن مەن رىزىق تىلىمەيمەن ۋە ئۇلارنىڭ مېنى ئوزۇقلاندۇرۇشنى تىلىمەيمەن » ( زارىيات، 56، 57 ).

ئۇنداقتا نېمە تەلەپ قىلىدۇ؟ ئۇبۇدىييەت... ئەپسۇس، كۆنىمىزدە ئىنسانلار بىلەن ئىسلام ئارىسىغا توساقلار قويۇلغان بولۇپ، گۆش ۋە تىرناق بىر – بىرىدىن ئايرىپ تاشلاندى. ئۇرۇق تۇپراقسىز، تۇپراق سۇسىز تاشلىۋېتىلدى.

بۇ توساقلار نېمىلەر ۋە توساقلارنى پەيدا قىلغۇچىلار كىملەر؟

شۇئار تولاشقا كۆنۈپ قالغانلارنىڭ ئاغزىدىن چىققان « ئىنسانلار ياراتقان تۈزۈملەرگە لەنەت بولسۇن! چېقىپ تاشلانسۇن توساقلار! » شۇئارنى قورقماي توۋلىيالايدىغانلار، « ئىشەندىم » دېگەنلەردىن قانچىلىك نىسبەتنى ئىگىلەيدۇ؟ ئەلۋەتتە، ناھايىتى ئاز سانلىقنى. بۇ ئاز سانلىق ئىچىدىن « بەشەرى تۈزۈملەرنى » لەنەتلەشكە، « توساقلارنى » ئاغدۇرۇپ تاشلاشقا تالىپ بولغۇچىلارنىڭ سانىغا ئۆتۈشتىن بۇرۇن بىر نوقتىنى ياخشى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىش لازىم، يەنى باشلاش نوقتىسىنى.

# يوقالسۇن بىرىنچى تۆزۈم

ئىسلامنىڭ مەستانىسى، ئىسلامنىڭ مۇرتى، ھەتتا ئىسلامنىڭ قۇربانى بولۇش بىلەن، ئىسلامنىڭ ئىنسانى بولۇش بىر – بىرىدىن پەرقلىنىدۇ. بۇ نوقتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، بىز ئىسلامنىڭ ئىنسانلىرى ئەمەس.

ئىسلام ئۆزى تەربىيلىگەن كىشىنى « مېنىڭ ئادىمىم » دەيدۇ. باشقا تۈزۈملەرنىڭ، باشقا مەدەنىيەتلەرنىڭ، ئەنئەنىۋي جەمئىيەت ۋە مۇھىت تەربىيلەپ چىققان كىشىلەرنىڭ ئۆزىنى ئىسلامغا نىسبەت بېرىشى ھەقىقەتتىن يىراق بىر ئىش، خالاس. دۇنيا قاراش نوقتىسىدىن، يەنى شەخسىي مۇئامىلە، پوزىتسىيە، ئەخلاق ۋە ئىنكاس قاتارلىق تەرەپلەردە كىشىنىڭ ئۆزىنى ئىسلام بىلەن نىسبەتلەندۈرەلىشى ئۈچۈن، ئۆزىنىڭ « شەخسىي تۈزۈمى ( كىشىلىك قارىشى ) »نى شەكىللەندۈرۈشى كېرەك.

« تۈزۈم » دېگەندە ئەقلىمىزگە رەسمىي ئۈست قۇرۇلمىغا ئىگە بولغان تۈزۈم كەلمىسۇن. ئالدى بىلەن يالغۇز كىشىلىك تۈزۈم، پىرىنسىپ، بەلگىلىمىلەرنى، يەنى ئۆزىمىز تۈزگەن، كىشىگە خاس تۈزۈم ھەققىدە سۆز قىلىۋاتقانلىقىمنى چۈشىنىشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن. ئەندىشەم شۇكى، تۈزۈمنى ئۆزگەرتىش، ئۇنى ئاغدۇرۇپ تاشلاش ھەققىدە جار سېلىۋاتقان بىزلەر ئەڭ باشتا ئۆرۈپ تاشلاش زۆرۈر بولغان تۈزۈمنىڭ ئۆزىمىزدىكى كىشىلىك تۈزۈم، يەنى كىشىلىك دۇنيا - قاراش ئىكەنلىكىدىن بىخەۋەر يۈرىۋاتىمىز. ھەتتا ئۆرۈمەكچى بولغان بۇ تۈزۈملەرنى بىز قۇرۇپ چىقتۇق. بىز، بىز بىلەن ئىسلام ئارىسىغا قويۇلغان تۈنجى ۋە ئەڭ چوڭ توسالغۇمىز.

ئۇنداقتا، ھەممەيلەننى بۇ تۈزۈمنى ئاغدۇرۇپ تاشلاشقا چاقىرىمەن. بۇ چاقىرىق « لا ئىلاھە ئىللەللاھ »تا ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان كەلىمەئى تەۋھىددىكى نەفىي ( لا ئىلاھە – ئىلاھ يوق )نىڭ تەقەززاسىدۇر. بۇ جاھالەت كەبىسىدىنمۇ خاراپ ھالغا چۈشۈرۈپ قويۇلغان يۈرەكلىرىمىزدىكى پۈتۈن ئىلاھلارغا « ياق! » دېيىشىنىڭ، ئۇلارغا قارشى ئىسيانىنىڭ ۋە رەت قىلىشىنىڭ تەقەززاسىدۇر.

ئاندىن سىزنى ئۆز تۈزۈممىزنى قۇرۇشقا، يەنى كەلىمەئى تەۋھىدنىڭ يەنە بىر يېرىمى بولغان ئىسپات ( ئىللەللاھ )قا چاقىرىمەن. ئۆز تۈزۈممىزنى قۇرۇشتىن مۇددىئايىم، ئالدى بىلەن يۇرەك دۆلىتىنىڭ قۇرۇلىشىدۇر.
ساھابىلەرنىڭ كىمنىڭ ئەۋلادلىرى ئىكەنلىكىنى سورايسىز. ئۇلار ئىسلامدىن بۇرۇنقى شېرىك ئەقىدىنىڭ ئىنسانلىرى ئىدى. ئاللاھ رەسۇلى ئۇلارنى بىر نەرسىگە چاقىردى:
« قۇلۇ لا ئىلاھە ئىللەللاھ، تۇفلىھۇ ( لا ئىلاھە ئىللەللاھ دەڭلار، نىجادلىققا ئېرىشىڭلار )! ». ئۇلارمۇ « لا ئىلاھە ئىللەللاھ » دېدى، نىجاتلىققا ئېرىشتى. بىزمۇ شۇنىڭغا ئوخشاش شەكىلدە دەيمىز، بىر قېتىم ئەمەس، مىڭ قېتىم دەيمىز. بۇ سۆز نېمە ئۈچۈن بىزنى ئۆز جاھىلىيىتىمىزدىن قۇتقۇزمايدۇ؟ بۇ سوئالنى سورايسىز، سورىشىڭىز كېرەك.
بۇنىڭ جاۋابىنى بېرىشتىن بۇرۇن، ئالدى بىلەن تەۋھىدنىڭ ساھابىلەردە پەقەت يادا ئېيتىلغان بىر شۇئار ئەمەس، بەلكى بىر ھايات شەكلى، پەلسەپە ئەمەس تۇرمۇش، بىر مېتافىزىك ھەقىقەت ئەمەس، بەلكى شەخسنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن تەسلىم بولغان بىر ھەقىقەت ئىكەنلىكىنى چۈشۈنۈپ يېتىش كېرەك.
تەۋھىدنىڭ شەخستىكى نامايەندىسى بولغان مېڭە، يۈرەك ۋە بىلەك بىرلىكىنىڭ شەكىللەندۈرۈلىشى كېرەك ئىدى. يەنى « مۇۋاھھىت » بولىشى كېرەك ئىدى. مۇئمىن كىشى ئالدى بىلەن تەسەررۇپى ( ئىشلىتىش ئەركىنلىكى ) ئۆزىگە ئائىت بولغان شەخسىيىتىنى پارچىلانغان، بۆلۈنۈپ كەتكەن ھالەتتىن قۇتقۇزۇشى كېرەك ئىدى. چۈنكى ئىنساننىڭ ئۆز مەۋجۇدىيىتىدە ئەمەلىيلەشتۈرەلمىگەن تەۋھىدنى تىلى بىلەن ئېيتىشى ھېچقانداق نەرسىنى ئۆزگەرتەلمەيتتى. تەۋھىدنىڭ ئەڭ باشتىكى مۇددىئاسى شەخسنىڭ ئۆزى بولۇپ، ئۇ، جەمئىيەتتە تەدبىقلىنىشتىن بۇرۇن شەخسنىڭ ئۆزىدە تەدبىقلىنىدۇ.
ئۆز ۋاقتىدا قىزىل تۇغلۇق چىدىرلار ئوچۇق – ئاشكارە ھالدا پاھىشخانا مەنىسىنى بىلدۈرەتتى. ھارامزادىلەرنىڭ نەسەبى چەك تاشلاش ئۇسۇلى ئارقىلىق ئايرىلاتتى. پەرەز ئارقىلىق ئۆزى بىلەن زىنا قىلغۇچىلاردىن بىرىنى ھارامزادىنىڭ دادىسى سۈپىتىدە كۆرسىتىلىشى نىكاھ تۈرلىرىنىڭ بىر تۈرى سۈپىتىدە قوبۇل قىلىناتتى. جاھىلىيەت مەزگىلىدىكى ئەرەپلەر قىز پەرزەنتىنى تىرىك پېتى كۆمۈۋېتىش جىنايىتىنى ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن قىلمايتتى،

ئەلۋەتتە. جاھىلىيەتنىڭ ئار – نومۇسى بار كىشىلىرى ئۆزلىرىگە خاس بۇ ئازغۇن « نومۇس » تۇيغۇسى سەۋەبىدىن، زىناغا پېتىپ قالمىسۇن دەپ قىز پەرزەنتلىرىنى تىرىك كۆمۈۋېتەتتى. ئۇلار جاھالەت دېڭىزىغا غەرق بولغان بولۇپ، جىنايەت يىلانىغا مەھكەم يېپىشقانىدى. بەزىلەرنىڭ نەزىرىدە قىز پەرزەنتلىرىنى بۇنداق ئەخلاقسىزلىق ئىچىدە كۆرۈش، پەرزەنت قاتىلى بولۇشتىنمۇ بەك ئېغىر ئىش ئىدى.

ئەخلاقسىزلىق مانا مۇشۇنداق ئۇچىغا چىققان بىر رايۇندا، ئاللاھ رەسۇلى كىشىلەرنى ئەخلاققا چاقىرمىدى. چاقىرغان بولسا، بەلكىم شېرىككە چىڭ يېپىشقان ھالدا ئەخلاقسىزلىقتىن قاچقان « ئار – نومۇسلۇق مۇشرىكلار » دەرھال قوبۇل قىلاتتى. لېكىن ئاللاھ رەسۇلى تەۋھىدكە چاقىردى:

« لا ئىلاھە ئىللەللاھ دەڭلار، نىجادلىققا ئېرىشىڭلار! ».

قەيسەر ( رىم پادىشاھى ) ۋە كىسرا ( پارس پادىشاھى )نىڭ ئىستىلاسىغا ئۇچىرىغان، سىياسىي بىرلىكتىن يوقسۇن، ئۆزئارا داۋاملاشقان ۋە نۇرغۇن جانغا زامىن بولغان ئىچكى ئۇرۇش، توقۇنۇش ۋە دۈشمەنلىك بىلەن تولۇپ تاشقان بىر مۇھىتتا، ئاللاھ رەسۇلىنىڭ سىياسىي بىرلىك ۋە ئىجتىمائىي مەۋقە ۋەدە قىلىدىغان بىر چاقىرىقى تېخىمۇ چوڭ تەسىر قوزغىيالايتتى. دۆلەت بۇتىنىڭ ئالدىدا ئۇ دەۋردىمۇ خۇددى بۈگۈنكىدەك ئىگىلىدىغان دۆلەتپەرەست « مىللەتچىلەر » چىقاتتى. ۋەتەن، مىللەت، بايراق، دۆلەت ئۈچۈن چاقىرىق قىلىنغان بولسا، بەلكىم دەۋەتنىڭ مۇشەققىتى تېخىمۇ ئاز بولاتتى. لېكىن ئۇنداق قىلمىدى. دەۋىتى يەنىلا:

« قۇلۇ لا ئىلاھە ئىللەللاھ، تۇفلىھۇ! » بولغانىدى.

زۇلۇمنىڭ ھەر تۈرى مەۋجۇت بولغان، قۇللۇق ئەۋج ئېلىۋاتقان، ھەق – ھوقۇق ۋە ئەركىنلىك تالان – تاراج قىلىنغان، ئاز سانلىقنى تەشكىل قىلىدىغان زەردارلار تەبىقىسى ئاجىزلارنى ئېزىپ ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىۋاتقان بىر جەمئىيەتتە، ئاللاھ رەسۇلى « زۇلۇم، ئېكسپىلاتاتسىيە ۋە قىيىن – قىستاققا توختا!... ھەق، ھوقۇق ۋە ئەركىنلىك... » شۇئارى بىلەن مەيدانغا چىقالايتتى. لېكىن بۇنداق قىلمىدى. كىشىلەرنى تەۋھىدكە، پەقەت ۋە پەقەت تەۋھىدكە چاقىردى.

مىللەتنى ئىجتىمائىي ئورۇنغا ئىگە قىلىپ، سىياسىي بىرلىك شەكىللەندۈرۈش ياخشى ئىش ئىدى. ئەخلاقسىزلىققا « توختا » دەپ، ئەدەپ - ئەخلاق قائىدىلىرىنى ئومۇمىيلاشتۇرۇشقا چاقىرىشمۇ ياخشى ئىش.

بولۇپمۇ، زۇلۇم ۋە ھەقسىزلىق ئۇچىغا چىققان بىر جەمئىيەتتە ئادالەت، ھەق – ھوقوقتا رىئايە قىلىش، مەزلۇملارنى ھىمايە قىلىش، ئېزىشنى توختىتىشكە چاقىرىشمۇ ھەقىقەتەن تەقدىرلەشكە لايىق بىر ئىش ئىدى.

لېكىن بۇلارنىڭ ھەممىسى ھەقىقەتنىڭ بىرەر پارچىسى ئىدى. تەۋھىد، بۇ يەردە تىلغا ئالمىغان ۋە تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن ياخشىلىقلارنى جەم قىلىشنىڭ ۋە بارلىق يامانلىقلارنى، چاكىنىلىقلارنى سۈپۈرۈپ تاشلاشنىڭ، ئالدىنى ئېلىشنىڭ ئىسمى ئىدى. ئەسلىدە « لا ئىلاھە ئىللەللاھ »قا دەۋەت يامانلىقتىن ياخشىلىققا، چاكىنىلىقتىن گۈزەللىككە، ئەخلاقسىزلىقتىن ئەخلاققا، زۇلۇمدىن ئادالەتكە، باش – باشتاقلىقتىن ئىنتىزامچان بولۇشقا چاقىرىش ئىدى. ئۇلارمۇ بۇنى چۈشەنگەنلىكى ئۈچۈن « لا ئىلاھە ئىللەللاھ » دېدى، بۇنى ھاياتىغا تەدبىقلىدى، تەۋھىدنى بىر ھايات دەستۇرى قىلدى ۋە نىجاتلىقتا ئېرىشتى. ئۇلار پەقەت بۇ ئىشنىڭ « شۇئارىنى » تۇۋلاپ قويمىدى. بۇ پەقەت بىر جۈملە سۆز ئىدى. ئەگەر بۇ سۆزنى ئېيتىش ھايات شەكلىنى ئۆزگەرتىش دېگەن مەنىگە ئىگە بولمىغان بولسا، ئۇلارنىڭ ھەممىسى دەرھال ئېيتاتتى ۋە بۇرۇنقى ھالىتى بويىچە ياشاۋېرەتتى. ئەمەلىيەتتە ئىشنىڭ بۇنداق ئەمەسلىكىنى قۇرئان بىزگە مۇنداق بايان قىلىدۇ:

ئىنسانلار « ئىمان ئېيتتۇق » دەپ قويۇش بىلەنلا سىنالماي تەرك ئېتىلىمىز، دەپ ئويلامدۇ؟ ( ئەنكەبۇت، 2 ).

ئۇلار تەۋھىدنى بىر ئېتىقاد سۈپىتىدە قەلبىلىرىگە، بىر تەپەككۇر شەكلى سۈپىتىدە مېڭىسىگە، بىر ھەرىكەت سۈپىتىدە بەدىنىگە، بىر ھايات شەكلى سۈپىتىدە تۇرمۇشىغا، بىر دۇنيا قاراش سۈپىتىدە جەمئىيىتىگە ھۆكۈمران قىلغانىدى. بۇنداق بولمىغان تەقدىردە « تەۋھىد » ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرالمايتتى. تەۋھىدنىڭ تەۋھىد بولالىشى، ئالدى بىلەن خىتاپ قىلىنغان كىشىدە ھەممە تەرەپتىن ئىجرا قىلىنىش بىلەن مۇمكىن بولىدۇ. سائادەت چاقىرىقى، ئىنسانلارنى جاھالەت دەپ ئاتالغان بۇرۇنقى ھاياتى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى بىر قېتىمدا ئۈزۈپ تاشلىغانىدى. بۇنى قىلالمىغانلار تەۋھىدنىڭ ئەۋزەللىكىنى ئەبۇ جەھىلنىڭكىگە ئوخشاش ئەقلى بىلەن بىلگەن بولسىمۇ، ئابدۇللاھ بىن ئۇبەييەگە ئوخشاش تىلىدا ئىقرار قىلغان بولسىمۇ، ئۇمەييە بىن ئەبىس – سالتقا ئوخشاش ئەقلى بىلەن تونۇپ يەتكەن، تىلى بىلەن ئىقرار قىلغان، قەلبى بىلەن ئىشەنگەنلىكىنى ئىما قىلغان تەقدىردىمۇ، ئۆزىنى ئۇ

ھەقىقەتكە تاپشۇرمىغان، « مۇۋاھھت » بولالمىغان بولسا، مۇئمىن قاتارىدىن ھېسابلانمىغان ۋە چەتكە قېقىلغانىدى.
مانا بۇ نەسل، يەنى ساھابىلار « ئىسلامنىڭ ئىنسانى » بولۇشنى مۇشۇنداق شەكىلدە قولغا كەلتۈرگەنىدى. تەۋھىدنى ئالدى بىلەن سۆز، ھەرىكەت، ھېس – تۇيغۇ ۋە تەپەككۇرلىرىغا ھاكىم قىلىش ئارقىلىق ئۆز شەخسىيىتىدە ئەمەلىيلەشتۈردى.
بىز ئىسلامنىڭ مەستانىلىرى، ھەتتا قۇربانلىرى بولدۇق. لېكىن تېخى ئىسلامنىڭ ئىنسانلىرى بولالمىدۇق. چۈنكى، ئاللاھ ئىنسانىنى ئۈستىدە قىلىپ ياراتقان ئالتۇن تەڭپۇڭلۇقنى ( ئىنفىتار، 7 ) تېخى تاپالمىدۇق.

# ئىنسانلار ۋە قۇربانلار

جەمئىيىتىمىز بىشى يوق قەلپلەر ۋە قەلبى يوق باشلار بىلەن تولۇپ تاشقان بولۇپ، ھىسسىيات، تەپەككۇر ۋە ھەرىكەت تەڭپۇڭلىقىنى شەكىللەندۈرەلمىدۇق. بۇ تەڭپۇڭلۇقنى شەكىللەندۈرەلمىگەنلەر ئۆزى تونۇپ يەتكەن ھەقىقەت پارچىسىدا چەكتىن ئىشىپ كەتتى. بۇ ئەھۋال تەڭپۇڭسىزلىقنىڭ تەبئىي نەتىجىسى ئىدى.

تەۋھىدنى پارچىلاش، خۇددى سۈنى ئېلېمېنتلارغا ئايرىشقا ئوخشايدۇ. سۈنى ئېلېمېنتلارغا ئايرىغان ۋاقتىڭىزدا ھىدروگىن ۋە ئوكسىگىندىن ئىبارەت ئىرسى كۆيگۈچى، يەنە بىرسى كۆيدۈرگۈچى ئىككى گازغا ئايلىنىدۇ، سۇدىن ئەسەر قالمايدۇ. ھەتتا سۇنىڭ ئەسلى خاراكتېرىنىڭ ئەكسىچە بىر ئەھۋال ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. ئۆچۈرۈش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە بولغان ماددا، بۇ قېتىم كۆيىدىغان ۋە كۆيدۈرىدىغان ماددىغا ئايلىنىدۇ.

تەۋھىد ھەقىقىتىنىڭ پارچىلىنىشمۇ بەزىدە بۇنىڭدىنمۇ قورقۇنچلۇق ئاقىۋەتلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. بىر ئىنساندا مۇجەسسەملەشكەن بىلەك، يۈرەك ۋە ئەقلنى بىرلىكتە ئىشلەتمەي پارچىلىۋەتكەن چۈشەنچە، بۇلارنى بىر – بىرىگە قارشى توقۇنۇشىدىغان ھالەتكە كەلتۈرۈپ قويىدۇ. بۇ خىل پارچىلىنىش كىشىنىڭ ئۆزىدە باشلانغان بولۇپ، بۇنداق چۈشەنچىدىكى كىشىلەر بىلەن تولغان جەمئىيەتتە « ۋەھدەت ( بىرلىك ) » ھەققىدە سۆز قىلىش « ئەيىب » ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى ۋەھدەتنىڭ ئۇل تېشى ئىنسان ئىدى. بىر شەخستە ۋەھدەت مەنىسىگە كەلگەن « تەۋھىد »نى كىشىلىكىدە مۇجەسسەملەشتۈرەلمىگەن، ۋۇجۇدىدىكى ئورگانلار ئارىسىدا « ۋەھدەت »نى شەكىللەندۈرەلمىگەن كىشىلەرنىڭ ئۆز ئارا ئىتتىپاقلىقىدىن سۆز قىلىشى بىھۇدە. تەپرىقچىلىقنى پارازىتقا ئوخشاش ۋۇجۇدىدا ئېلىپ يۈرگەن، ئەقلى بىلەن قەلبى ھەر ۋاقىت تۈگىمەس جىدەل، سۈركىلىش ۋە توقۇنۇشلارغا سەھنە بولغان، ھىس – تۇيغۇسىنى ئەقلى بىلەن باشقۇرالمىغان، ھىسسىيات ۋە ئەقلىنى ھەرىكىتى بىلەن ئەپلەشتۈرەلمىگەن كىشىلەر بىلەن تولغان بىر جەمئىيەتتە، قىلىشقا تېگىشلىك ئەڭ مۇھىم ئىش، يىراقتىكى دۈشمەنگە

قارشى شۇئار تولاش ئەمەس، شەخسىيەتىمىزگە تەۋھىدنى سۇلتان قىلىش ئىدى.

« ھەددىدىن ئاشقۇچىلار ھالاك بولدى ». رەسۇلۇللاھنىڭ تىلىدىن مۇسلىمدا نەقىل قىلىنغان بۇ خەۋەر، ئومۇمىي بىر قانۇننىڭ ئەڭ يارقىن ئىپادىسى بولۇپ، ئىسلام ھەرىكىتىنىڭ مەنسۇپلىرى بىرەر قۇربان بولىۋاتىدۇ. ئۇسۇپ يېتىلىش جەريانىدىكى بىر تەرەپلىمە تەربىيىنىڭ نەتىجىسىدە بىراۋ ھەقىقەتنى پارچە – پارچە ھالدا بايقاۋاتىدۇ ۋە ئۆزى بايقىغان ھەقىقەتنىڭ بىر پارچىسىنى ھەقىقەتنىڭ دەل ئۆزى دەپ قارىماقتا ۋە كۆرسەتمەكتە. گەرچە بۇ يامان غەرەزدە قىلىنمىغان بولسىمۇ، ئېلىپ كەلگەن زىيىنى ئېغىر بولماقتا.

ھەقىقەتنى بايقاش بىلەن، ھەقىقەتتىن بىر پارچىنى بايقاش بىر - بىرىدىن تۈپتىن پەرقلىنىدۇ. ھەممىدىن خەتەرلىك بولغان تەرىپى ئۆزى بايقىغان پارچىنى كۆككە كۆتۈرگەن ۋاقىتتا ھەقىقەتنىڭ يەنە بىر پارچىسىنى باشقىلار بايقىغانلىقى ئۈچۈن ئۇنى كۆرمەسكە سېلىش، ھەتتا ئۇنىڭغا قارا سۈركەش بولۇپ، بۇ ئەھۋال كىتاپ قۇربانلىرى، تەسبىھ قۇربانلىرى ۋە قورال قۇربانلىرىدىن ئىبارەت ئۈچ خىل قۇربانلارنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشىغا سەۋەپ بولماقتا.

## كىتاپ قۇربانلىرى

كىتاپ، خاس ئىسىم شەكلىدە تىلغا ئېلىنغاندا قۇرئاننى كۆرسىتىدۇ. گەرچە ئۇ ھىدايەت ۋە رەھمەت بۇلىقى بولسىمۇ، ئۇنىڭ ھىدايەت ۋە رەھمەت بولىشى ھەممە كىشى ئۈچۈن ئەمەس ( بەقەرە، 2 ). ئۇنى پەقەت ئوقۇش ياكى قولىدا، ئۆيىدە، يادىدا، كىتاپ جازىسىدا ساقلاش ھىدايەت ۋە رەھمەتكە نائىل بولۇشنىڭ كاپالىتى ئەمەس.

ئۇ « ھۇدەللىل مۇتتەقىين »، يەنى ئاللاھتىن ئاللاھ كۆرسەتكەن شەكىلدە قورققانلار ئۈچۈن، ئۇلۇھىييەت، رۇبۇبىييەت ۋە ئۇبۇدىييەت چۈشەنچىسىگە ئىگە بولغان كىشىلەر ( مۇتتەقىين ) ئۈچۈن ھىدايەت قىلغۇچىدۇر. مۆئمىنلەر ئۈچۈن شىپا بولغان قۇرئان، زالىملارنىڭ گۇمراھلىقىنى ئاشۇرىدۇ ( ئىسرا، 82 ).

قۇرئاندىن ئىبارەت بىر ئىلاھىي خەۋەرنىڭمۇ خەتەرلىك بىر رايۇنى بولغان بولسا، ھەر جەھەتتىن قۇرئانغا تەڭ بولالمايدىغان باشقا كىتاپلارنىڭمۇ دەرىجىسى مۇھاكىمە قىلىنىشى كېرەك.

گەرچە بۇ مەسىلە تېمىمىزغا مۇناسىۋەتسىز بولسىمۇ، ئەسكەرتىشنىڭ پايدىسى بار دەپ قارايمەن. قۇرئاننىڭ ھاياتىمىزدا ئۆزىگە لايىق شەكىلدە ئورۇن ئېلىشى ئۈچۈن زۆرۈر بولغان نەرسە - قۇرئانغا باشقا مەدەنىيەتلەرنىڭ ئىستىلاسىغا ئۇچراپ كەتكەن بىر مېڭە ۋە قەلىپ بىلەن قاراشنىڭ ئورنىغا، « ئۇممىي » بىر مېڭە بىلەن، يەنى « ساپ ئەقىل ۋە قەلىپ » بىلەن قاراش ۋە ئوقۇش كېرەك. ئەگەر قەلىپ كىرلەنگەن ۋە مەينەتچىلىك قاپلاپ كەتكەن بولسا، ئىچىگە قويۇلغان غىزا ھەرقانچە ئېسىل بولۇپ كەتسىمۇ بۇزۇلىدۇ.

بىز ئەسلىدە كىتابى بار بىر دىنىنىڭ، كىتابى بار بىر مەدەنىيەتنىڭ نەسلى. ئەمما تېخنىكا مەھسۇلاتلىرىنى تۇتۇپ، مۇزىك ۋە تەنتەربىيەنى يېرىم يالىڭاچ راھىپلارنىڭ رىياسەتچىلىكىدىكى بىر مۇناجاتتا ئايلاندۇرغان، زامانىۋىي دۇنيا قاراشنىڭ مەھسۇلاتى بولغان « كىتاپسىز » بىر نەسىل تەربىيلەپ چىقىۋاتىمىز.

كىتاپ، بىلىمنىڭ بىردىن بىر يەتكۈزگۈچىسى بولمىسىمۇ، ئەڭ قەدىمىي ۋە قىممەتنى يوقاتمايدىغان يەتكۈزگۈچىلىك رولىنى ھازىرمۇ جارى قىلدۇرۇپ كېلىۋاتىدۇ. كىتاپنىڭ تەربىيەلەش كۈچى بولغاندەك، بۇزۇش كۈچىمۇ بار. ھەر كىتاپنى ھەر دائىم « بىلىم » يەتكۈزىدۇ دېگىلى بولمايدۇ، ئەۋەتتە. جاھالەتمۇ بەزىدە كىتاپلار ئارقىلىق يېتىپ كېلىدۇ. دۇرىمىزدىكى جاھالەت بىلەن قەدىمكى جاھالەت ئارىسىدىكى پەرق بەلكىم بۇ بولسا كېرەك. بىرى كىتاپسىز جاھالەت، يەنە بىرسى كىتابى بار جاھالەت. بەزىدە كىتابى بار جاھالەتنىڭ كىتابسىز جاھالەتتىنمۇ قورقۇنچلىق ئىكەنلىكىنىڭ تىپىك ئۆرنەكلىرىنى دەۋرىمىزدە كۆرىۋاتىمىز.

بىز باتىلنىڭ ئوقۇغان ۋە ئوقۇمىغان، كىتابى بار ياكى كىتابى يوق ھەممىسىنى بىر تەرەپكە قايرىپ قويۇپ، كىتابى بار بىر دىن ئەھلى بولغان مۇسۇلمانلاردىن بەزىلەرنىڭ كىتاپ مەسىلىسىدە چۈشۈپ قالغان بىنورمال ئەھۋالىغا بىر قاراپ باقايلى.

مەدەنىيەت يەتكۈزگۈچىسى بولغان كىتاپ، ئوقۇش ھەرىكىتى بىلەن بىرگە ئەقلىمىزگە كېلىدۇ. ئوقۇش ۋە تەدبىقلاش، بىلىش ۋە ئەمەل قىلىش ئارىسىدىكى باغلىنىش ئۈزۈلۈپ تاشلانغان بولسا، بۇنىڭ باش جىنايەتچىسى

كىتاپ بولمايدۇ، ئەلۋەتتە. كىتاپنى ئاشقۇنلۇقنىڭ ۋاستىسى قىلىۋالغانلارغا رەنجىپ كىتاپلارنى ئەيىپلەشنى، خۇددى ئايەتلەرنى ئۆزى مەنپەئەتى ئۈچۈن ئىشلەتكەن سىھىرگەرلەرگە غەزەپلىنىپ، پۈتۈن قۇرئاننى ياكى دورا ئىچىپ ئۆزىنى ئۆلتۈرۋالغانلارغا قاراپ، دورىنى چەكلىگەن بىمەنىلىككە ئوخشىتىمەن.

بۇ دورا سۆزى « كىتاپ قۇربانلىرى » ئۈچۈن دەل جايىدا بىر ئوخشىتىش بولدى. بۇ تۈردىكى كىشىلەر كىتابنى، بىر دوختۇر نازارىتى ئاستىدا داۋالىنىۋاتقان بىمارنىڭ ئاڭلىق شەكىلدە ئىستىمال قىلىۋاتقان دورىسىغا ئوخشاش ئەمەس، دەل ئەكسىچە دورا دەپ ئاتالغان ھەممە نەرسىنى يەيدىغان كىشىدەك ئىشلىتىدۇ.

كىتاپ بۇ خىل كىشىلەر ئۈچۈن ئوقۇپ يېشىلىق يارىتىدىغان مەنبە ئەمەس، ئەكسىچە ئوقۇپ تۈگىتىلىدىغان ئىستىمال بويۇمى. بۇ چۈشەنچىدە، بىر كىشى قانچىلىك كىتاپ ئوقۇغان بولسا، ئۇ شۇنچىلىك سەۋىيىسى بار كىشى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ كىشىدىن نېمە ئويلاۋاتقانلىقىنى بىلمەكچى بولسىڭىز، ئەڭ ئاخىرقى قېتىم ئوقۇغان كىتابىنىڭ ئىسمىنى سورىشىڭىز سىزگە يېتەرلىك بولىدۇ.

بۇ قۇربان، ئوقۇغان كىتاپلىرىنى ھەزىم قىلالماي پىكىر قاتماللىقىنى بېشىدىن ئۆتكۈزىۋاتىدۇ. ئۇ رېئاللىقتا تەدبىقلىيالمىغان بىلىم ياكى « مەلۇمات » دۆۋىسى ئاستىدا مجىلىپ قالغان بولۇپ، كىشىلەر ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتتە چولتا، رېئال ھاياتقا نىسبەتەن بىپەرۋا مۇئامىلىدە بولىدۇ. ھايات بىلىمنى رېئال تۇرمۇشتىن ئۆگىنىشنىڭ ئورنىغا كىتاپلاردىن ئۆگىنىدۇ. بۇ سەۋەپتىن ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتتە توغرا مۇئامىلىدە بولالمايدۇ.

تۇرمۇش بىلىمى بەكمۇ چولتا بولغانلىقتىن، بۇ تەڭپۇڭسىزلىق دەل ئەكسىچە بولغان باشقا بىر تەڭپۇڭسىزلىقتا قاراپ تەرەققىي قىلغانلىقى كۆپ كۆرۈلىدۇ. ئۇ، كىتابنى رېئال تۇرمۇشتا ۋە كىشىلەر ئارىسىدا ياشاشنىڭ ئورنىغا، ھاياتنى كىتاپلاردا ۋە كىتاپلارنىڭ ئىچىدە ياشايدىغان بولۇپ، ئۇلار ئۆزىنگە خىيالىي بىر دۇنيا قۇرىۋالغان بولىدۇ.

بۇ مەنتىق، كىتاپتىكى ئايەتلەرنى ئوقۇغان تەقدىردىمۇ ( ئىنسان ئۆزىمۇ ئاللاھ ياراتقان ئەڭ چوڭ ئايەت ) ئۆزىدىكى، كائىناتتىكى، شەيئىلەردىكى ۋە ۋەقە – ھادىسىلەردىكى ئايەتلەرنى ئوقۇپ، كىتاپ بىلەن بىرلەشتۈرەلمىگەنلىكى ئۈچۈن ئىجتىمائىي تۇرمۇشتىكى ئورنى ھايات دىرامىسىنىڭ سىرتىدا قالىدۇ.

سۆزلەشنى ئۆزىگە ئادەت قىلىۋالغان بولۇپ، ئايەتلەرگە تۇتتقان پوزىتسىيىسىگە كۆپىنچە ۋاقىتلاردا، بىر دوختۇرنىڭ تەجرىبە جەسەتكە تۇتتقان پوزىتسىيىسىگە ئوخشاپ قالىدۇ. تەپەككۇر قىلىشنى بىر خىل ئىمتىياز دەپ قارايدۇ. پۈتۈن ئىنېرگىيىسىنى مېڭىسىگە ۋە بۇ ئارقىلىق تىلىغا قاراتقانلىقى ئۈچۈن بۇ ئورگانلىرى ناھايىتى تەرەققىي قىلغان بولىدۇ. بۇلار بىر خىل مالارمە روھىي كېسەلگە گىرىپتار بولغان. فىرانسىيلىك مەشھۇر مۇتەپەككۇر مالارمە « بىز پەقەت تەپەككۇر قىلىمىز، تەدبىقلاش بىزنىڭ چاكارلىرىمىزنىڭ ۋەزىپىسى » دېگەنىدى.

كۆزىگە قارىسىڭىز كۆزى بىر نېمە دېمەيدۇ. كۆزىنىڭ ئىچىدىن بىر مەنا ئىزدەيسىز، ئەمما بىھۇدە. ئىلىم ئېرىپانغا ئايلانمىغانلىقتىن ئۇ كۆزلەر سىزنى باشقا بىر ئالەمگە ئېلىپ بارىدىغان كۆزنەك بولۇشتىن بەكمۇ يىراقتا. يۈزىگە قارايسىز، يۈزى بىر نەرسە دېمەيدۇ. قەلبىي رادارىڭىزنى ئۇنىڭ قەلبىي دولقۇنىغا يۈزلەندۈرسىز، ئەمما بىر سىگنال ئالالمايسىز. ئۆزى بىر نەرسە دېمەيدۇ. ئىچىدە بىر يادرو ئېنېرگىيە كۈچى بارلىقىدىن بىخەۋەر ياشايدۇ. ئۇنىڭ بىلەن ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت ئورناتقان ۋاقىتىڭىزدا، دىپلوماتىيە قائىدىلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئۇنىڭدا كۆرىسىز.

كىتاپلارنىڭ ئارىسىدا كەكلىككە ئوخشاش سەكرەپ يۈرگەنلىكىنى كۆرگەن بۇ شەخسىنىڭ، رىئال تۇرمۇشتا يا بىپەرۋا ياكى گاڭگىراپ قالغان ۋە كالتا پەم ئىكەنلىكىنى بايقايسىز.

## تەسبىھ قۇربانلىرى

تەسبىھ، گراممانىكىدا ئىسمى – ۋاستە بولمىسىمۇ، ئىشلىتىلگەندە « ئۆزى ئارقىلىق تەسبىھ قىلىنغان ۋاستە » مەنىسى بىلەن تونۇلغان. يەنى سىمۋول خاراكتېرلىك ساناق تاشلىرى بولۇپ، كىملەرنىڭ سىمۋولى ئىكەنلىكى مەلۇم. تەسبىھ، مۇسۇلمانلار ئىچىدە ئۆزىنى زىكىر ئەھلى، كۆڭۈل ئەھلى دەپ قاراپ قەلبىنى ئىسلاھ قىلىپ، نەپسىنى پاكلاۋاتقانلىقىنى داۋا قىلىۋاتقان كىشلەرنىڭ سىمۋولى.

بۇ كىشلەر كۆپىنچە ۋاقىتلاردا ئۆزلىرى دەسمايە قىلىۋالغان « زىكىر »نىڭ قۇرئاندىكى مەنىسىنى بىلمەيدىغانلىقىنى، بۇ ھەقتە ئىزدەنمىگەنلىكىنى، بۇ

مەسلىدە قۇرئاننىڭ ئەمەس باشقىلارنىڭ ئۇسۇلى ۋە ئۇسلۇبىنى ئۆزگە ئۆرنەك قىلغانلىقىنى كۆرىمىز. قۇرئان ئۈستىدە توختالغان زىكىرگە ئوخشاش ئۇقۇملار ھەققىدە قۇرئاننىڭ نېمە دېگەنلىكىگە قارىماستىن، زىكىر قىلىۋاتىمەن دەپ قاراش غەپلەتتىن باشقا نەرسە ئەمەس. بۇ مەسلىدە ھاۋايى – ھەۋەسلەرگە ئەمەس، ئاللاھ بەلگىلىگەن بەلگىلىملەرگە بويسۇنۇش قۇرئاننىڭ بۇيرىقى بولۇپ، « فەزكۇرۇللاھە كەما ئەللەمەكۇم ( ئاللاھ ) سىلەرگە ئۆگەتكىنى بويىچە ئاللاھنى زىكىر قىلىڭلار ( ياد ئېتىڭلار ) » ( بەقەرە، 239 ) دەيدۇ ئاللاھ.

قۇرئاندا « جىھاد »قا ئوخشاش كۆپ مەنىلىك بىر ئۇقۇم بولغان « زىكىر » بەزى كىشىلەر تەرىپىدىن ناھايىتى خاتا ۋە خەتەرلىك شەكىلدە باشقا مەنىلىرىدىن ئايرىپ تاشلىنىپ، پەقەت تىل بىلەن ياد ئېتىش ھالىتىگە چۈشۈرۈپ قويۇلدى. ئاللاھنى ياد ئېتىش ( بەقەرە، 198 )، تەبلىغ ( ئەئلا، 9 )، ۋەز – نەسىھەت ( غاشىيە، 21 )، شۈكۈر ( ئەئراف، 69 )گە ئوخشاش كۆپ مەنىنى ئىپادىلەيدىغان زىكىر، ھەرىپى جەريي « ئەلا » بىلەن ئىشلىتىلگەندە « تىل بىلەن ياد ئېتىش » ( ئەنئام، 121 ) مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ.

زىكىرنىڭ پەقەت « تەسبىھ » مەنىسىنىلا ئىپادىلىمەيدىغانلىقىنى، بۇنىڭدىنمۇ كەڭ دائىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغانلىقىنى قۇرئاندىن كۆرىۋالالايمىز:

« ئى مۇئمىنلەر! ئاللاھنى كۆپ ياد قىلىڭلار، ئۇنىڭغا ئەتىگەن – ئاخشامدا تەسبىھ ئېيتىڭلار! » ( ئەھزاپ، 41، 42 ).

مۇئمىنلەرگە ھەم زىكىر ھەم تەسبىھ ئېيتىش بۇيرۇلغان. بۇ نوقتىدا ئوخشاش ئايەتتە ھەم « زىكىر» ھەم « **تەسبىھ** »نىڭ تىلغا ئېلىنىشى بۇ ئىككى ئۇقۇمنىڭ بىر – بىرىدىن پەرقلىق ئىكەنلىكىنىڭ ئوچۇق دەلىلى بولۇپ، بۇ سەۋەپتىن تىل بىلەن زىكىر قىلىش بولغان « **تەسبىھ** »نى كۆزگە ئىلماسلىق، يوق ھېسابىدا قاراش ياكى تەرك قىلىش بىر مۇئمىنگە يارىشىدىغان ئىش ئەمەس. جىھاد ئۇقۇمىنىڭ ئىچىدە « **قىتال** »نىڭ ئورنى قانداق بولسا، « **تەسبىھ** »نىڭ ئورنىمۇ شۇنداق بولىدۇ. قىلغان ھەر ئىشنى « **جىھاد** » دەپ ئاتىغانلارنىڭ « **قىتال** ( **ئۇرۇش قىلىش** )»نىڭ ئايرىم پەرز قىلىنغانلىقىنى ( بەقەرە، 219 ) نەزەردىن ساقىت قىلغىنىدەك، زىكىرنىڭ پەقەت تەسبىھ سىيرىش ئەمەسلىكىنى ئېيتقۇچىلارنىڭ كۆپ قىسمىمۇ تىل

بىلەن ياد ئېتىش، تەكرارلاش مەنىسىنى بىلدۈرىدىغان « تەسبىھ »نىڭ تەۋسىيە قىلىنغان ۋە بۇيرۇلغانلىقىنى نەزەردىن ساقىت قىلماقتا.

ئۆزىنى زىكىر ئەھلى دەپ قارىغانلارغا كەلسەك... بۇ خىل كىشىلەردىن بەزىلىرى ئاللاھ بىلەن قىلغان ئەھدىسىگە سادىق بولالمىدى. شەرىئەتتىن « بىر تاش چۈشسە، مۇردلىرىمىنىڭ بارلىق زىكىرلىرى بىكار بولۇپ كېتىدۇ » دېگەن ھەقىقىي ۋە كامىل مۇرشىدنىڭ ئەكسىچە، مۇسۇلمانلارنىڭ بارلىق ئەقىدىلىرى دەپسەندە قىلىنىۋاتسا؛ بىر تال تاش ئەمەس، شەرىئەتنىڭ ئۇل تاشلىرى ۋەھشىيلىك بىلەن ئورنىدىن قومۇرۇپ تاشلىنىۋاتقان بىر مەزگىلدە، بۇ مەنتىقتىكى كىشىلەرنىڭ ئولتۇرغان جايىدا بىر تال تۈكىمۇ تەۋرەپ قويمايدۇ. ئۈممەتنىڭ ئەقىدىلىرى ئالدىدا ھېسسىز ۋە غەمسىز تۇرغان بۇ مەنتىق، قىلىۋاتقان ئىشىنى « ئەڭ چوڭ جىھاد » دەپ ئاتىماقتا. لېكىن « ئەڭ چوڭ جىھاد نېمە؟ » دەپ قۇرئاندىن سورىساق، قۇرئان بىزگە ئەڭ چوڭ جىھادنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى روشەن بىر شەكىلدە دەپ بېرىدۇ:

« كاپىرلارغا ئىتائەت قىلمىغىن، قۇرئان ئارقىلىق ئۇلارغا قارشى بارلىق كۈچۈڭ بىلەن جىھاد (جىھادەن كەبىيرا ) قىلغىن » ( فۇرقان، 52 ).

ھەقىقىي تۈردە ئەڭ چوڭ جىھادنى قىلغۇچىلار ھەم ئۆزىدىكى ( ئىچىدىكى ) ھەم تاشقىرىدىكى دۈشمەنلەرگە قارشى ئىككى سەپتە جەڭ قىلىپ يۈرەك دۆلىتىنى قۇرغانلاردۇر.

مېڭىسىنى قەلبىگە قۇربان قىلغان، دىنىنى ھاياتلىق بېغىشلىغۇچى ئېكسىر ئەمەس، بىر دەرتتىن خالاس قىلغۇچى دەپ قارايدىغان چۈشەنچە، ھەر ئىشىنى بىر كىشىگە ھاۋالە قىلىپ قويۇپ، ئۆزى تەپەككۇر قىلىش كۈلپىتىدىن قۇتۇلىدۇ. ئۇنىڭ ئورنىغا باشقا بىرسى تەپەككۇر قىلىدۇ، باشقا بىرسى قارار قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ مۇھەببەت – نەپرىتى « بۇيرۇق »قا باغلانغان بولىدۇ.

« مېيىت يۇيغۇچىنىڭ قولىدىكى جەست » بولۇشتىن كاپىرلار قولىدا شېھىت بولۇشنى ئارتۇق كۆرىدۇ. ئۆلمەي تۇرۇپ ئۆلۈشكە ئىنتىلىدۇ – يۇ، ئۆلگەندىن كېيىن ياشاشنى سىناپ باقمايدۇ.

ئۇ، « ئۆلۈمنى تەپەككۇر » قىلغاننىڭ مىڭدەنبىرىچىلىك بولسىمۇ « شاھادەت »نى تەپەككۇر قىلىپ باقمىغان بولۇپ، يۈرىكىنىڭ ئەڭ چوڭ ئىككى كۆزنىكى بولغان ئەقىل ۋە سەزگۈلىرىنى ئېتىپ قويغانلىقى ئۈچۈن يۈرىكى بىر زىندانغا ئايلانغان.

بىر « تەسبىھ قۇربانىنىڭ ئىتائەت چۈشەنچىسى » ئىزدىنىش ۋە ئەمەلىيىتىنى كۆرۈشنى ئەمەس، قارىغۇلارچە ئىتائەت قىلىشنى ئاساس قىلىدۇ. بۇ قۇربان، ئۆزىگە بۇيرۇق قىلغۇچى كىشىدىن باشقا ھېچكىمنىڭ سۆزىنى ئاڭلىمايدۇ ۋە ھېچقانداق كىتاپنى ئوقۇمايلا قالماستىن، قۇرئانغا، ئۇنىڭ ئايەتلىرىگە نىسبەتەن كور ۋە گاس بولىدۇ.

## قورال قۇربانلىرى

قورال قۇربانىغا ئايلىنىپ قالغان شەخسنى ھارارەتلىك چاي سۆھبەتلىرىدە قۇرۇلغان « دۆلەت »نىڭ يۈكى بېسىۋالغانلىقى ئۈچۈن، ئورنىدىن تۇرۇپ ھەرىكەتكە ئۆتكىدەك مادارى يوق. ئۇنىڭ چۈشلىرىنى ھەمىشە پىلمۇت ئەسىر قىلىۋالغان. تولۇپ تاشقان ھېسسىياتنى ئىلىم ۋە ئىرپان بىلەن يۇغۇرۇپ، ئىخلاس بىلەن پۇشۇرۇپ، سەبىر بىلەن پىپىشنى ئۆگىنەلمىگەنلىكى ئۈچۈن ئازاپلانماقتا ۋە بۇ قاتتىق ئازاپ ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ بولۇشنىڭ ئورنىغا ئۇنى ئىچ – ئىچىدىن خورىتىپ تۈگەتمەكتە.

ئۇنىڭغا نىسبەتەن ئەمەللەرنىڭ مۇھىملىق تەرتىۋى ھاياجان بېغىشلاش كۈچىگە قارىتا تىزىلغان بولۇپ، « تۇر، جىھاد باشلاندى » دېگەن چاقچاق، « تۇر، ئەزان چىقتى » رىئاللىقىدىن بەكرەك تەسىر قىلىش كۈچىگە ئىگە. ئۇ ئاچچىق رىئاللىقنىڭ ئورنىغا شىرىن چۈشلەرنى تاللايدىغان بولۇپ، ئۇنىڭ دەسمايىسى خىيالدىن ئىبارەت. ئۇ، خىيالنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن زۆرۈر بولغان قەلىپى، پىكرى ۋە ئەمىلىي ھەرىكەت تەييارلىقلىرىنى قىلىش ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرسىتىش ۋە غەيرەت قىلىشتىن يوقسۇل بولغانلىقتىن خىيال دۇنياسىدا ياشايدۇ.

قورال قۇربانىغا ئايلىنىپ قالغان شەخس، ھەقىقىي جىھادنىڭ ماھىيىتىنى چۈشىنەلمىگەن بولۇپ، كۆتۈرەلەيدىغان كىچىك يۈكلەرنى ياراتمايدۇ، ئېلىشىۋالغان چوڭ يۈكلەرنى كۆتۈرۈشكە كۈچى يەتمەيدۇ. بۇنى قۇرۇق قول كېتىپ قىلىشنىڭ باھانىسى قىلىپ كۆرسىتىدۇ.

ئەڭ چوڭ دەسمايىسى جەسۇرلۇقى بولۇپ، بۇ روھىي ھالىتى بىلەن داۋاسىغا بىر ئاز زىت چۈشەنچىدە بولغان بارلىق كىشىنى ئەيىپلەشكە، ھەتتا ئۇلارنى كۆزدىن يوقۇتۇشقا تەييار تۇرىدۇ. بۇ كىشىگە ھەر دائىم قولتۇقىغا ئېلىپ يۈرگەن كاللىسىنى، ئىككى مۇرىسىنىڭ ئوتتۇرىسىغا قويۇشنى تەشەببۇس قىلغان ۋاقتىڭىزدا ئەيىبلىنىش، دۈشمەن قاتارىدىن بولۇش ئېھتىماللىقىڭىز تېخىمۇ يۇقىرى بولىدۇ.

ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتتە ھەددىدىن زىيادە « ساددا » بولىشى سەۋەبىدىن كەلسە - كەلمەس ئالدىنىپ قالىدۇ. بۇ ئەھۋالنىڭ تەبئىي نەتىجىسى سۈپىتىدە ھاياتقا ماي تارتىپ ئۇزۇن مەزگىل بىكىنىپ ياشايدۇ ياكى « داۋا »نى دۇنياغا تېگىشىپ، تونۇگۇن خىيانەت بىلەن ئەيىبلىگەن كىشىلەرنىڭ قاتارىغا قېتىلىدۇ ۋە بۇ ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغانلىقى ئۈچۈن ۋىجدان مەھكىمىسىدە ئۆزىنى سوتلايدۇ.

كۆپىنچە ۋاقىتتا قورال قۇربانىغا ئايلىنىپ قالغان شەخسنىڭ ياشلىقى جۇش ئۇرۇپ تۇرغان مەزگىلى ئۆتۈپ، ئۆي - ئوچاقلىق، بالا - چاقىلىق بولغان ۋاقتىدا چوڭ بىر ھەقىقەتنى بايقىغاندەك بىر زامانلار بېشىدىن ئۆتكۈزگەن ئۇ تولۇپ - تاشقان ھېسسىياتلىق ھالىتىنى، يەنى « ئۆزىنى » چۈشۈرۈگەن ھالدا ئۆز ۋاقتىدىكى ئۆزى بىلەن ئوخشاش ھېس - تۇيغۇدا بولىۋاتقان ياشلارغا ۋەز - نەسىھەت قىلىپ: « تاشلاڭلار بۇ ئىشنى، بىز سىلەر ئۆتىۋاتقان كۆرۈكتىن ئاللاقاچان ئۆتكەن، ياخشى بىلمىز » دەيدۇ ۋە « پايدىلىق » نەسىھەت بەرمەكچى بولىدۇ. بۇ كەيىنكە يېنىۋېلىش ۋە ۋاز كېچىشنىڭ ۋىجدان ئازابىنى يېنىكلىتىشنىڭ ئەڭ ئاسان يولى. قورال قۇربانى بولغان بۇ شەخس بۇ باسقۇچتا خاتا چۈشەنگەنلىك گۇناھىنى ئېتىقادىغا ئارتىدۇ.

سەپەردىكى ۋاقتىدا خاتا مېڭىپ قالغانلىقىنىڭ گۇناھىنى « يول »غا ئارتىپ قويىدۇ. بىلمىگە ئەمەس توقۇلمىغا، سابات ( مەزمۇت تۇرۇش )قا ئەمەس ھەۋەسكە، ئەمەلى سالىھقا ئەمەس ھەرىكەتكە، مۇھاكىمىگە ئەمەس ھاياجانغا تايانغانلىقىنىڭ ئاقىۋىتىدە ئۇ مۇشۇنداق ھالغا كېلىپ قالغاندى. بىكەتكە ياناشقان تېز سۈرئەتلىك مىنبۇسقا ئىشەنچلىكمۇ - ئىشەنچسىزمۇ، شوپۇر لاياقەتلىكمۇ - لاياقەتسىزمۇ دېمەي چىقىۋالغانلىقى ئۈچۈن، چىقىپ - چۈشۈش بىلەن ئۆتكەن يىللار بۇ قۇربانىنى ھېسسىياتىنى بېسىقتۇرىدىغان يېڭى يوللار ئىزدەشكە مەجبۇرلىغاندى.

بۇ ئۈچ خىل مۇئامىلىنىڭ ھەممىسى ھەقىقەتتىن بىرەر پارچىلار بولىشى مۇمكىن، بۇنداق بولىشى نۇرمال. لېكىن بۇنداق بولىشى بۇ پوزىتسىيە ياكى تاللاشنىڭ توغرا ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىيالمايدۇ، بۇ پوزىتسىيەلەر تەڭپۇڭلۇقتىن يوقسۇندۇر.

# بىر مۇئامىلە شەكلى سۈپىتىدە « مۇۋازىنەت »

كائىناتنى بىر « چوڭ ئادەم » دەپ تەسەۋۋۇر قىلساق، بۇ « چوڭ ئادەم » بىر ئىلاھىي مۇۋازىنەت ( تەڭپۇڭلۇق ) ئۈستىدە ھەرىكەت قىلماقتا.

بىز تىلغا ئېلىۋاتقان بۇ مۇۋازىنەت، مەخلۇقاتلار ئىچىدىكى ئەڭ چوڭ مەۋجۇدىيەتتىن ئەڭ كىچىك مەۋجۇدىيەتكىچە ھەممىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان كائىنات قانۇنىنى كۆرسىتىدۇ. مۇۋازىنەتنىڭ زىتى « قىيامەت ». كائىنات ئىچىدىكى ئەڭ ئىنچىكە مۇۋازىنەتنىڭ بۇزۇلۇشى بىلەن قىيامەت بولىدۇ.

ئۆلۈممۇ شۇنداق. ئۇ ئىنساننىڭ، يەنى كىچىك كائىناتنىڭ مۇۋازىنىتىنىڭ بۇزۇلۇشى بولۇپ، ئىنساندىكى مۇۋازىنەتنىڭ بۇزۇلۇشى ئۇنىڭ قىيامىتى بولىدۇ. بۇنىڭغا ئاساسەن قىيامەت ۋە ئۆلۈم تەڭ بولىدۇ « ئاشقۇنلۇق »قا...

بۇ يەردە ئاشقۇنلۇق ھەر ئىككىسىنىڭ ئۆزگەرمەس سەۋەبى بولۇپ، بۇلار فىزىكىلىق مۇۋازىنەتسىزلىك كەلتۈرۈپ چىقارغان فىزىكىلىق نەتىجىلەردۇر. بۇ مەنىۋىي دۇنيادىمۇ شۇنداق بولۇپ، مەنىۋىي ئاشقۇنلۇقنىڭ ئاقىۋىتى مەنىۋىي ئۆلۈم بولىدۇ. بۇ ئۆلۈملەرگە ئوخشاش جىنسىتىكى كېسەللىكلەر، قاتىللار ۋە كۆز بىلەن كۆرگىلى بولمىغانلىقى ئۈچۈن كۆلىمىنى تەخمىن قىلىش قىيىن بولغان قىرغىنچىلىقلار، جىنايەتلەر... قىيامەتلەرگە سەۋەپ بولىدۇ.

تارىخ، مۇۋازىنەتنى بۇزۇپ تاشلىغۇچىلار بىلەن ئۇنى ھىمايە قىلغۇچىلار ئارىسىدىكى ئەبەدىي كۆرەشنىڭ ئىسمىدۇر. نەبىلەر ئىلاھىي مۇۋازىنەتنى مۇئامىلە ۋە پوزىتسىيىسىدە سىمۋوللاشتۇرغان ئەڭ جانلىق ئۆرنەكلەر بولۇپ، ۋەھىيلەر بۇ مۇۋازىنەت تەلىماتىنىڭ ئىلاھىي تېكىستلىرى ئىدى.

قۇرئان باشتىن ئاياق مۇۋازىنەتنىڭ ئەڭ جانلىق ئۆرنەكلىرى بىلەن تولۇپ تاشقان.

مەسىلەن، بىرىنچى بېتىنى ئېچىڭ، فاتىھە سۈرىسىنى كۆرىسىز. سۈرە بىر تەشەككۇر جۈملىسى بىلەن باشلىنىدۇ. ئاندىن « ئالەملەرنىڭ رەببى»نىڭ ئىككى سۈپىتى تىلغا ئېلىنىدۇ، « ئاسىرىغۇچى، مەغپىرەت قىلغۇچى » ( ئەر – رەھمان، ئەر – رەھىم ). بۇلار سىزنى خوشال قىلىدۇ. ئۇنى بۇ ئىككى سۈپىتى بىلەن تونۇشقا باشلايسىز. پەرۋىش ۋە مەغپىرەت قىلىنىش ناھايىتى ياخشى بىر ئىش. سىزگە بەك ياقىدۇ، خوشال بولىسىز. بۇ شاتلىقىڭىزنىڭ

غەپلەتكە ئايلىنىپ قالماسلىقى، مۇۋازىنەتنى يوقۇتۇپ قويماسلىقىڭىز ئۈچۈن ئارقىدىنلا ئۇنىڭ پەقەت پەرۋىش ۋە مەغپىرەت قىلغۇچى بولۇپلا قالماستىن، يەنە « جاۋاپكارلىقتا تارتىپ مۇكاپات ياكى جازا بەرگۈچى » سۈپىتىگە ئىگە ئىكەنلىكى، « بۈشۈكتىكى بوۋاقلارنىڭ چاچلىرى ئاقىرىپ كېتىدىغان » دىن كۈنىنىڭ ( قىيامەت كۈنىنىڭ ) مالىكى ياكى مەلىكى ( ئىگىسى ) ئىكەنلىكى ئەسكەرتىلىدۇ. باشتىكى ئۈمىدىڭىز بىردىنلا قورقۇغا ئايلىنىدۇ، خوشاللىقىڭىز ئەندىشە ۋە چۈچۈش بىلەن تەڭپۇڭلاشتۇرۇلىدۇ.

بۇ، ئىنساندىكى پسىخولوگىيلىك مۇۋازىنەتنىڭ، ئۈمىد بىلەن قورقۇ ئارىسىدىكى تەڭپۇڭلۇقنىڭ مۇھاپىزەت قىلىنىشىنىڭ پەقەت بىر مىسالى. قۇرئاندا شەخسىي، ئىجتىمائىي، سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە كائىنات مۇۋازىنىتىنىڭ ئۆزگەرمەس قانۇنلىرىنى تېپىش مۇمكىن.

يەنە بىر مىسال، ئىككىنچى بەتكە ئۆتەيلى، « ئۇلار غەيبكە ئىشىنىدۇ »( بەقەرە، 3 ) دېيىلگەندىن كېيىن، مۇتتەقىلەرنىڭ ئىككى ئالاھىدىلىكى ساناپ ئۆتىلىدۇ. « بىرىنچىسى، نامازنى توپتوغرا ئادا قىلىدۇ. ئىككىنچىسى، ئۇلار بىز بەرگەن مال – مۈلۈكتىن ( ئاللاھ يولىغا ) ئىنفاق ( سەرپ ) قىلىدۇ ». ناماز ۋە ئىنفاق. نەتىجە ئېتىبارى بىلەن بىرسى شەخسىي، يەنە بىرسى ئىجتىمائىي ئەمەل. ناماز، شەخستىن ئاللاھقا تۇتاشقان بىر يول، ئىنفاق شەخستىن جەمئىيەتكە تۇتاشقان بىر يول. بىرسى كىشىنىڭ رەببى بىلەن بولغان مۇناسىۋەت شەكلىنى، يەنە بىرسى كىشىنىڭ جەمئىيەت بىلەن بولغان مۇناسىۋەت شەكلىنى كۆرسىتىدۇ.

بۇ يەردە شەخسنىڭ ئىچكى دۇنياسى بىلەن تاشقى دۇنياسى ئارىسىدا مۇھاپىزەت قىلىنىشى زۆرۈر بولغان ئوتتۇرا يول كۆرسىتىلمەكتە، يەنى شەخسىي ۋە ئىجتىمائىي مۇۋازىنەت.

يەنە قۇرئاندىكى بەزى ئايەتلەرنىڭ ئەسھابى كىراملاردىكى سۆز، پىكىر ۋە ئەمەل قاتارلىق تەرەپلەردىكى بىر قىسىم تەڭپۇڭسىزلىقلارنى تۈزىتىش ئۈچۈن نازىل بولغانلىقىنى كۆرىمىز.

« ئى ئىمان ئېيتقانلار! ئاللاھقا ئىتائەت قىلىڭلار، ئەلچىسگە ئىتائەت قىلىڭلار، ئەمەللىرىڭلارنى بىكار قىلىۋەتمەڭلار! » ( 33:47 ).

ئۆز ۋاقتىدا ساھابىلەرنىڭ ئارىسىدا بەزىلەرنىڭ ئەمەل – ئىمان مۇۋازىنىتىنى بۇزغانلىقى بۇ ئايەتنىڭ نازىل بولۇش سەۋەبى سۈپىتىدە كۆرسىتىلىدۇ. بۇ ھەقتىكى رىۋايەتلەردىن بىرى مۇنداق: ئەبۇل ئالىيەدىن

( ئىبنى كەسىر ) نەقىل قىلىشىچە: « رەسۇلۇللاھنىڭ ساھابىلىرى شېرىك بىلەن بىرگە قىلىنغان ھېچقانداق ئىبادەت مەقبۇل بولمايدۇ دەپ چۈشەنگەندەك، لا ئىلاھە ئىللەللاھ دېيىش بىلەن ھەر قانداق گۇناھ مەغپىرەت قىلىنىدۇ دەپ قارىغان ». ساھابىلەر بۇ چۈشەنچىگە تۇرۇپلا ئىگە بولۇپ قالغان ئەمەس، ئەلۋەتتە. « ئاللاھ ھەقىقەتەن ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرۈش گۇناھىنى مەغپىرەت قىلمايدۇ، خالىغان ئادەمنىڭ ئۇنىڭدىن باشقا گۇناھلىرىنى مەغپىرەت قىلىدۇ...» ( نىسا، 48 ) ئايىتىنى يۇقىرىدىكىدەك چۈشىنىپ قالغانىدى. شۇنىڭ بىلەن ئاللاھ « ... ئەمەللىرىڭلارنى بىكار قىلىۋەتمەڭلار » ئايىتىنى نازىل قىلدى.

قۇرئان نازىل بولۇش جەريانىدا ھەر تۈرلۈك مۇۋازىنەتسىزلىككە ۋاقتىدا مۇداخىلە قىلىپ تۈزۈتۈپ ماڭاتتى. ساھابىلەرنىڭ مۇھەببەت ۋە غەزەپ – نەپرەتتە ھەددىدىن ئېشىپ كېتىشىنى چەكلەپ مۆتىدىل بولۇشقا چاقىراتتى. قۇرئان ھەممەيلەندە ساقلىنىۋاتقان ئاشقۇنلۇقنى مۇنداق تىزگىنلىگەن:

« بىرەر قەۋمگە بولغان ئۆچمەنلىكىڭلار ( ئۇلارغا ) ئادىل بولماسلىقىڭلارغا سەۋەب بولمىسۇن. ئادىل ( ئوتتۇرا ھال ) بولۇڭلار، بۇ تەقۋادارلىققا ئەڭ يېقىندۇر...» ( مائىدە، 8 ).

رەسۇلۇللاھ « ئەھسەنى تەقۋىم » دەپ ئاتالغان بۇ مۇۋازىنەت ( ئوتتۇرا ھال بولۇش )نىڭ ئەڭ ياخشى ئۈرنىكى ئىدى. ھېس – تۇيغۇ، تەپەككۇر ۋە ھەرىكەت ئارىسىدىكى تەڭپۇڭلۇقنىڭ قانداق شەكىللەندۈرۈلىدىغانلىقىنى بىلمەكچى بولغانلار ئۇنىڭغا قارىسۇن. رەسۇلۇللاھ ۋە ئۇنىڭ تەربىيىسىدە يېتىشىپ چىققان نەسىلدە بۇنىڭ ئەڭ جانلىق ئۈرنەكلىرىنى تاپالايدۇ. تەڭپۇڭلۇقنىڭ باشقا ئىسمىلىرى بولغان « ئادالەت » ۋە « مۆتىدىل »لىقنى، ساھابىلەر ئارىسىدا قانداق بەرپا قىلغانلىقىغا مۇناسىۋەتلىك مىساللارنىڭ ھەممىسىنى بۇ يەردە تىلغا ئېلىشقا ۋاقىت يار بەرمەيدۇ. شۇنداقتىمۇ بىر قانچە مىسال بېرىپ ئۆتەيلى:

مۇسلىمنىڭ سەھىھلەر ئارىسىدا، ئىبنى ھەنبەلنىڭ مۇسنەدىدە نەقىل قىلىنغان ئۇزۇن بىر رىۋايەتتىن بىر قىسمىنى سەئىد بىن ھىشام مۇنداق بايان قىلىدۇ:

« ... ئالدى بىلەن ئايالىمنىڭ تالىقىنى بېرىپ، ئاندىن ئۆزەمگە ئائىت ماللارنى سېتىپ، ئۇنىڭدىن كەلگەن كىرىمگە ئات ۋە قورال ئېلىپ شېھىت بولغىچە جىھاد قىلىش ئۈچۈن مەدىنىگە باردىم. قەۋمىمدىن ئۇچرىغان بىر

گۇرۇپپا رەسۇلۇللاھنىڭ زامانىدا ئالتە كىشىلىك بىر كىچىك گۇرۇپپىنىڭ مۇشۇنداق بىر ئىش قىلماقچى بولغانلىقىنى، رەسۇلۇللاھنىڭ ئۇلارغا < مەن سىلەر ئۈچۈن ئەڭ ياخشى ئۈرنەك ئەمەسمۇ؟ > دەپ، ئۇلارنى بۇ ئىشتىن چەكلىگەنلىكىنى ماڭا يەتكۈزدى. مەن ئۆيۈمگە، ئائىلەمنىڭ يېنىغا قايتىپ كەتتىم ».

يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان ئالتە كىشىلىك گۇرۇپپىنىڭ رەسۇلۇللاھ تەرىپىدىن رەت قىلىنىشىنىڭ سەۋەبى ئۇلارنىڭ ھەددىدىن ئېشىشقا مايىل بولغانلىقى ئىدى. ئىچىدە سەلمان، سۇھەيب، ئەبۇ زەر ( رەزىيەللاھۇئەنھۇ ) قاتارلىق كىشىلەر بولغان بۇ گۇرۇپ، رەسۇلۇللاھنىڭ ئالدىغا كېلىپ، ئۆزلىرىنى ئاختا قىلدۇرۇپ، خالىي بىر جايدا ئۆز ئائىلە – تاۋاباتلىرى ۋە دۇنياۋى نەرسىلەردىن قول ئۈزۈپ، تائەت – ئىبادەت بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلىقىنى ئېيتقان. شۇنىڭ بىلەن رەسۇلۇللاھ ئۆزىنىڭ ئاللاھنىڭ ئەلچىسى ئىكەنلىكىنى ئۇلارغا ئەسلىتىپ، « مەن سىلەر ئۈچۈن ئەڭ ياخشى ئۈرنەك ئەمەسمۇ؟ » دەپ ئۇلارغا كايىغان.

بىرى تەڭپۇڭلۇقنىڭ ئۈستى، يەنە بىرى ئاستى بولغان بۇ ئىككى ۋەقەنىڭ ساھابىلەر تەرىپىدىن بىرلىكتە پايدىلىنىشى ھەقىقەتەن كىشىنى ئويغا سالىدۇ. بىلەك ۋە يۈرەك مۇۋازىنىتىنىڭ مۇھاپىزەت قىلىنىشىدا ئۈرنەك بولىدىغان بۇ ۋەقەلەرنى باشقا زامان ۋە ماكاندا يۈزبەرگەن تۆۋەندىكى ۋەقە تاماملىماقتا:

رەسۇلۇللاھ بىر يەرگە قوشۇن ئەۋەتىپ، ئابدۇللاھ بىن رەۋاھەنىمۇ بۇ قوشۇن بىلەن بىرگە بېرىشقا بۇيرىغان بولۇپ، قوشۇن جۈمە كۈنى يولغا چىققان ئىدى. نامازدىن كېيىن رەسۇلۇللاھ ئابدۇللاھ بىن رەۋاھەنى ئۇ يەردە كۆردى ۋە:

- نېمىشقا ھەمراھلىرىڭ بىلەن بىرگە ماڭمىدىڭ؟ - دەپ سورىدى.

ئابدۇللاھ:

- جۈمە نامىزىنى رەسۇلۇللاھنىڭ ئارقىسىدا قىلاي دېدىم، ئۇلارغا بىردەمدە يېتىشىۋالىمەن، - دەپ جاۋاپ بەردى.

رەسۇلۇللاھ:

- يەر يۈزىدىكى بارلىق نەرسىلەرنى ئاللاھ يولىدا ئىنفاق ( سەرپ ) قىلساڭمۇ، ئۇلار بىلەن بىرلىكتە سەپەرگە ئاتلانغانلىقىنىڭ ساۋابىغا ئېرىشەلمەيسەن، - دېدى.

ئىبنى ھەنبەل، تىرمىزى ۋە ئىبنى ھاجەر نەقىل قىلغان بۇ ۋەقەنى ئەھمەد بىن ھەنبەلنىڭ سۈنەندىن باشقا كۈتۈبى سىتتە ( ئالتە كىتاپ )نىڭ ھەممىسىدە بايان قىلىنغان تۆۋەندىكى رىۋايەت بىلەن بىرگە چۈشەنگەن ۋاقتىمىزدا، « ئوتتۇرا ھال »لىقنىڭ ماھىيىتى تولۇق ئوتتۇرىغا چىقىدۇ:

بىر كىشى رەسۇلۇللاھنىڭ ھوزۇرىغا كېلىپ، ئۇنىڭدىن جىھادقا چىقىش ئۈچۈن ئىجازەت سورىدى. رەسۇلۇللاھ:

- ئاتا – ئاناڭ ساقمۇ؟ - دەپ سورىدى.

- شۇنداق، - دەپ جاۋاپ بەردى ئۇ كىشى. شۇنىڭ بىلەن رەسۇلۇللاھ مۇنداق دېدى:

- ئۇنداقتا بېرىپ ئۇلارنى رازى قىل!

تەبارانى بۇنىڭغا ئوخشايدىغان بىر ۋەقەنىڭ ئەبۇ ھۇرەيرەنىڭمۇ بېشىدىن ئۆتكەنلىكىنى نەقىل قىلىدۇ.

شۇنداق، بۇ ئۆرنەكلەرنىڭ ھەممىسى رەسۇلۇللاھنىڭ تەربىيىسىدە ئوتتۇرا ھاللىقنىڭ مۇھىم ئورۇندا تۇرىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

# مۇۋازىنەتسىزلىكنىڭ تارىخىي ئارقا كۆرنۈشى

مائىدە سۈرىسىنىڭ 8 – ئايىتىدە كۆرسىتىلگەندەك كەڭ دائىرىدە « مۇتتەقى » بولۇش مەنىسىنى بىلدۈرىدىغان ئوتتۇرا هال بولۇش، شەخسىي ۋە ئىجتىمائىي مۇئامىلە شەكلى سۈپىتىدە رەسۇلۇللاھتىن كېيىن ئۇزۇن داۋاملاشمىدى. مېڭە، يۈرەك ۋە بىلەكنى تەڭپۇڭ بىر شەكىلدە ئىشلەتكەن ئۇ كۈنلەر ناھايىتى تېزلا تارىختا كۆمۈلدى. بۇ ھەرگىزمۇ بىباھا ئوتتۇرا ھاللىقنى ئۆز شەخسىيىتىدە شەكىللەندۈرگەن كىشىلەر يېتىشىپ چىقمىدى، دېگەنلىك ئەمەس. لېكىن ئۇلار ئەسرى سائادەتتىكىدەك جەمئىيەتكە ئەكس ئەتتۈرىدىغان شارائىت ۋە پۇرسەتكە ئىگە بولالمىدى.

بىر پۈتۈن گەۋدىدىن ئەڭ ئاۋۋال ئايرىلغان پارچە « بىلەك ( كۈچ ) مۇۋازىنىتى » ئىدى. ئەسرى سائادەتتە جىھاد بىر كەسىپ ئەمەس ئىبادەت سۈپىتىدە ئادا قىلىناتتى. بولۇپمۇ جىھاد ئىسلام بىلەن ئىنسان ئارىسىدىكى توساقلارنى ئاغدۇرۇپ تاشلاش كۆرىشى ئىدى. ئۆلۈش ۋە ئۆلتۈرۈشنىڭ ئىنسانىي شەكلىنى ئۆتتۇپ كەتكىنىگە ئۇزۇن زامان بولغان ئىنسانىيەتكە ئەڭ چىرايلىق شەكىلدە ئۆلۈشنى ۋە ئۆلتۈرۈشنى ئۆگىتىشنىڭ ئىسمى ئىدى جىھاد. تىنچلىقنىڭ ئەبەدىي كاپالىتى ئىدى.

شۇڭداق، بۇلار بىلەن بىرگە بەندىنىڭ ئاللاھ ئالدىدا بەرگەن ئىمتىھانلىرىنىڭ ئەڭ ئېغىر ئىدى جىھاد. ئۇ، پەقەت ئۇرۇش مەيدانلىرىدىلا ئەمەس، بەلكى ھەممىدىن بۇرۇن يۈرەكتە باشلايتتى. يۈرەك مەملىكىتىدە مەغلۇپ بولغانلار ئەڭ باشتا مۇجاھىد بولۇش خاراكتېرىنى يوقۇتۇپ قوياتتى. چۈنكى مۇجاھىدلارنى جىھاد مەيدانلىرىغا ئۇلاغلىرى ئەمەس، ئىمانلىرى ئېلىپ باراتتى. كۆزىدە نۇر، تېزىدا مادار قالمىغان بىر ئىمان ساھىبىغا ھايات ئاتا قىلىدىغان كۈچنى يەتكۈزۈپ بېرەلمەيتتى، نەتىجىدە كۆرەشنىڭ بىرىنچى قەدىمىدىلا مەغلۇپ بولاتتى.

نەبەۋي سىياسەت سۇلتانى سىياسەتكە، ئادالەت ئىستىبداتقا ئايلىنىشى بىلەن تەڭ جىھادمۇ كەسپكە ئايلاندى. چۈنكى سۇلتانلار ھەققە ۋە خەلققە تايانمايتتى. پۈت تىرەپ تۇرىشى ئۈچۈن بىر « كۈچ »كە مۇھتاج بولۇپ، بۇ كۈچ ئارمىيە ( قوشۇن )دىن باشقا نەرسە ئەمەس ئىدى. بۇ شەكىلدە بىر پۈتۈن گەۋدىدىن ئايرىلغان قورال ياكى كۈچ، غەنىمەت ھېرسىنىڭ تەسىرى بىلەن رەسمىيلىشىپ ھاكىمىيەتنىڭ بىر ئاپپاراتىغا ئايلاندى. دۆلەتكە قاراشلىق ھەر ئاپپاراتنىڭ ئۆزىگە خاس بىر ماكانىغا ئېھتىياجى بار ئىدى. قورال ئۈچۈن ئۇ ماكان « ھەربىي لاگىر » ئىدى. ئەمدى مۇجاھىد ئۈچۈن مۆئمىن بولۇش كۇپايە قىلمايتتى، « ھەربىي لاگىرغا تەۋە » بولىشى كېرەك ئىدى.

ئۇنىڭدىن كېيىن مۆئمىننى چوڭقۇر چۈشەنچە ئىگىسى قىلغان ۋە رەببانىيلەشتۈرگەن ھەر خىل قۇرئانى فاكۇلتېتلار بولغان ئېتىقاد ( چىن يۈرەكتىن ئىشىنىش )، ئەدەپ، ئېھسان، زىكىر، شۈكۈر، يىغىنچاقلىغاندا، ئىسلام ئېرپانى بىر پۈتۈن گەۋدىدىن ئايرىلدى. ھالبۇكى بۇ تىلغا ئېلىنغانلار مۇسۇلمانلار ئىچىدىكى بەلگىلىك بىر گۇرۇھ بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئەمەس ئىدى. بەلكى بۇلار ئىمان ۋە تەقۋا بىلەن بىۋاستە مۇناسىۋەتى بولغان تەلىم – تەربىيە ئۇسلۇبى بولۇپ، بۇ فاكۇلتېتلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ئاساسلىرىنى، ھەتتا تەپسىلاتلىرىنى قۇرئاندىن تېپىش مۇمكىن ئىدى. چۈنكى ئىنساننى « ئەھسەنى تەقۋىم » ئۈستىدە ياراتقان ئاللاھنىڭ، ئۇنىڭ ئەڭ مۇھىم ئىككى تەركىبى بولغان قەلىپ ۋە روھىنى نەزەردىن ساقىت قىلىشنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايتتى.

ئەمدى يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان قىممەتلەرگە ئىگە بولۇش ئۈچۈن مۇسۇلمان بولۇش يېتەرلىك بولمايتتى، ئۇنىڭغا قوشۇپ « خانىقاچى » بولۇش كېرەك ئىدى. شۇنىڭ بىلەن ئىسلامنىڭ ئۆز كىشىلىكىگە ئىگە بولغان « ئىنسان»ى يەنە بىر قېتىم زەربە يېگەنىدى. رەسمىي ئورگانلاشقان ھەر بىر قۇرۇلما، ھەر قېتىم بىر پۈتۈن بولغان دىندىن بىر پارچىنى يۇلۇپ ئالاتتى.

« تەسبىھ » ئۆزىگە ماكان تاپقان يەردە، « كىتاپ » ئۆزىگە جاي تاپالماي قالارمۇ؟ ئەلۋەتتە، ئۇمۇ ئۆزىگە بىر ماكان تاپتى.

رەسمىي بولمىسىمۇ تارىخى ئۇزۇن بولغان ئىلىم، نىزامىيە مەدرىسلىرىنىڭ قۇرۇلىشى بىلەن رەسمىي شەكىلدە ئورگان ھالىغا كەلدى. سەلەف ئىلمىنى

ئاللاھ رىزالىقى ئۈچۈن كەسىپ قىلغاندى ھەمدە ئىلىم بىر ئىبادەت ئىدى. ئۇ ئەبەدىي سائادەتنىڭ بىر ۋاستىسى ئىدى. چۈنكى، « ئاللاھتىن ھەقىقىي قورقىدىغانلار ئالىملار » ئىدى. تۈنجى مەدرىسە ئېچىلغاندا، بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان ماۋارا ئۇننەھىر ئۆلىمالىرىدىن بىرسى: « ئاپلا، ئەمدى ئىلىم ئۆلدى » دېگەن ۋە « بىز ئىلىمنى دۇنيا تىرىكچىلىكى ئۈچۈن ئەمەس، ئاللاھ رىزاسى ئۈچۈن ئۆگىنەتتۇق. شۇڭا ئىلىمگە سەممىي ۋە ئىخلاسمەن كىشىلەرلا تالىپ بولاتتى. چۈنكى بۇ ئىشتا جاپا – مۇشەققەت بار، ھېچقانداق دۇنيالىق مەنپەئەت يوق. ئەمما بۇنىڭدىن كېيىن ئىلىم، مەدرىسلەر ۋاستىسى ئارقىلىق سۇلتانلار سېتىۋالىدىغان نەرسىگە ئايلىنىدۇ. ئىلىمنىڭ پۇل بولغانلىقىنى كۆرگەن كىشىلەر ئۇنىڭغا ئىگە بولۇش ئۈچۈن ئىلىمگە ئىنتىلىدۇ. ئىلىمغا ئىگە بولىدۇ، لېكىن ئىخلاس ۋە تەقۋالىقتىن ئايرىلىپ قالىدۇ » دەپ قوشۇمچە قىلغانىدى.

شۇنداق، بۇ تەخمىنلەرنىڭ ھەممىسى رېئاللىق ئايلانغانىدى. ئىلىم ئەمدى « ئاخىرەت ئوزۇق – تۈلكى » ئەمەس، « دۇنيا ئوزۇق – تۈلكى » بولۇپ قالغانىدى.

مۇۋازىنەتتىن ئايرىلىپ قېلىش ۋە رەسمىي ئورگانلىشىش ئارىسىدا شەكىللەندۈرگەن مۇناسىۋەتتىن ھەممىنى بىر تاياقتا ھەيدىدى دەپ قالماسلىقىڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن. ئىسلام ئۆرنەك قىلىپ كۆرسىتىۋاتقان بىر پۈتۈن ئىنساننىڭ پارچىلىنىشىنى چۈشەندۈرۈش ئۈچۈن رەسمىي ئورگانلىششنىڭ سەلبىي تەسىرىنى كۆرسىتىش زۆرۈر ئىدى. بۇ يەر رەسمىي ئورگان ھالىتىگە كېلىشىنىڭ زۆرۈر بولۇپ – بولمىغانلىقى ھەققىدە مۇنازىرە قىلىش ئورنى ئەمەس. بۇ مەسىلىنى تارىخ جەمئىيەتشۇناسلىقى بىلەن شۇغۇللانغانلارغا قالدۇرۇپ، بىر نوقتىنى ئەسكەرتىشنىڭ پايدىسى بار دەپ قارايمەن. يەنى، ھەر قائىدىنىڭ مۇستەسنا ھالى بولىدۇ. رەسمىي ئورگان ھالىغا كېلىشتىن بۇرۇنقى ئۆرنەكلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ ئىجابىي بولۇشى ناتايىن بولغانىدەك، رەسمىي ئورگان ھالىتىگە ئايلانغاندىن كېيىنكى ئۆرنەكلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ سەلبىي بولۇشىمۇ ناتايىن.

ئىسلامنىڭ ئەسرى سائادەتتىكى مۇۋازىنىتىنىڭ پارچىلىنىش ھېكايىسى ئاساسەن مۇشۇنداق. ئۇنىڭدىن كېيىن بۇنىڭ پەلسەپىسى بارلىققا كەلدى. تەرەپلەر، تەرەپتارلار مەيدانغا كەلدى. بۆلۈنۈش قىسقا ۋاقىت ئىچىدە پۈتۈن دىنىي ۋە ئىجتىمائىي ساھەگە كېڭەيدى. ئەقىدىمۇ بۇنىڭدىن نېسىۋىسىنى

ئالدى. زاھىرى – باتىنى ۋە خانىقا – مەدرىسە مۇنازىرىسى بەزىدە شۇنداق قورقۇنچلۇق پەللىگە يەتتىكى، بۇ جەھەتتە بەزى رايۇنلار توقۇنۇشلارغا سەھنە بولدى. ھەر پارچىنىڭ ئىخلاسمەنلىرى ھۆكۈمدارلارغا يۆلەنگەن ھالدا قولىدىكى ھەقىقەت پارچىلىرىنى كۆككە كۆتۈرۈشكە، ھەقىقەتنىڭ باشقا پارچىلىرىنى يوق قاتارىدا ساناشقا باشلىدى.

يىغىنچاقلىغاندا، ھېس – تۇيغۇ، تەپەككۇر ۋە ئەمەل بىر – بىرىدىن ئايرىلغان، ھەر بىرى ئۆزىگە بىر ئىسىم قويۇپ پىرقە ھالىغا كەلگەندى. كېيىنكى مەزگىلدە بۇ ئېقىملار ئۆزىگە خاس ئىلمىي ئۇسلۇب، قائىدە – پرىنسىپىنى شەكىللەندۈردى. ھەر بىرىنىڭ ئۆزىگە خاس لوغەت ۋە ئاتالغۇلىرى بار ئىدى. يامان بولغىنى، « ھەر پىرقە ئۆز دىنى بىلەن خوشاللىناتتى » ( رۇم، 32 )، « بۇ ھەقىقەتتىن بىر پارچە » دېيىشنىڭ ئورنىغا « بۇ ھەقىقەتنىڭ دەل ئۆزى! » دەيتتى. كىشىلەرنى ئۆز تۇتۇپ ماڭدىم دەپ قارىغان ھەقىقەت پارچىسىغا چاقىراتتى، ئۇ پارچىنى تۇتۇپ ماڭغۇچىلارنىڭ نىجاتلىقتا ئىبرىشكەنلىكىنى، قالغانلارنىڭ ئازغۇنلۇق، زالالەت ئىچىدە بولغانلىقىنى دەۋا قىلاتتى.

بۇ شەكىلدە باشلانغان پارچىلىنىش بارغانسىرى ئىنسانلىرىمىزنىڭ تەبىئىيتىگە ئايلاندى. كۈنىمىزدە شاھىت بولىۋاتقان بۇ قورقۇنچلۇق ۋەزىيەتنىڭ تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈشى قىسقىچە مانا مۇشۇنداق.

بۇ تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈشنىڭ تەسىرى تېخىمۇ ئېغىر شەكىلدە كۈنىمىزدىمۇ داۋام قىلماقتا. ئۈستۈنلۈكنىڭ تارىختا قېلىپ قالغانلىرى بولۇشى مۇمكىن، ئەمما ھېچقانداق بىر رەزىللىك تارىختا كۆمۈلۈپ قالمىدى. كۈنىمىزگە باشقىچە ئۇسلۇب ۋە ئىسىملار بىلەن يېتىپ كەلدى.

بۈگۈن ئىنسانلىرىمىزنىڭ ھېس – تۇيغۇسى، تەپەككۇرى ۋە ئەمەلگە مۇسەللەت بولغان مۇۋازىنەتسىزلىك، ئاشقۇنلۇق ئۇلىدا بۇ سەلبىي ئەنئەنە ياتماقتا.

# مۇۋازىنەتسىزلىكنىڭ كۆڭلىمىزدىكى ئىپادىلىرى

كۆڭلىمىز ئىنسانلىرىدا رەسۇلۇللاھ كۆرسىتىپ بەرگەن مۇۋازىنەت يۈرەكنىڭ زىيىنىغا بۇزۇلدى.

قەلىپ نەزەردىن ساقىت قىلىنىشى بىلەن ئوتتۇرىدا ھېچقانداق بىر نەرسە قالمىدى. مەخلۇقاتنىڭ ئەڭ مۆتىۋىرى ئىنسان، ئىنساننىڭ مۆتىۋەر يېرى قەلىپتۇر. ھېچقانداق نەرسە ئەسقاتمايدىغان بىر كۈندە « پاك قەلىپ »نىڭ پايدا يەتكۈزىدىغانلىقىنى قۇرئان بىزگە ئۆگەتمەكتە ( شۇئەرا، 88، 89 ).

ئاللاھ رەسۇلى بايان قىلغاندەك قەلىپ ئىنساننىڭ مەركىزى، ۋۇجۇتنىڭ قوماندانلىق مەركىزى، ئىماننىڭ ماكانى. قەلىپ ئاللاھنىڭ تەجەللىگاھى، ئاللاھ بىلەن ئىنسان ئارىسىدىكى مۇناسىۋەت تەڭشىلىدىغان ئۇلۇغ ماكاندۇر. يىغىنچاقلىغاندا، قەلىپ ئاتوم ئېنېرگىيە مەركىزىدۇر. سىزچە قانچىلىك كىشى ئىچىدە مۇشۇنداق تەڭداشسىز بىر ئىمكانىنى ئېلىپ يۈرگەنلىكىنى بىلىدۇ؟

غەرب مەنبەلىك ئەقىل ۋە دەلىلنى ئاساس قىلىدىغان مائارىپ تەربىيىسىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان ئورگانلىرىمىزنىڭ ئىچىدە قەلىپ ئەڭ ئالدىنقى ئورۇندا تۇرىدۇ. مەقسەت ئىمانلارنى ئۆلتۈرۈش ياكى ئىنكاسسىز ھالغا كەلتۈرۈش بولسا، نىشان ئەلۋەتتە يۈرەك بولىدۇ. ماكانى خانىۋەيران بولغان بىر ئىمان، ئۆزىگە ساراي بولىشىنىڭ ئورنىغا زىندانغا ئايلانغان يۈرەكتە نېمىنى ۋۇجۇدقا چىقىرالايدۇ دەيسىز؟

زامانىۋى مائارىپنىڭ نىشانى ئىمان ھاكىمىيىتىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاش. ھاكىمىيىتى ئاغدۇرۇپ تاشلانغان بىر ئىمان پەقەت يۈرەكتىكى بېزەككە ئايلىنىدۇ، خالاس. بۈگۈن يۈز بېرىۋاتقان مەسىلىلەرنىڭ مەنبەسىمۇ بىلىم ۋە تېخنىكا بىلەن ئەقىل تاپقان ئىمانلارنىڭ قابىلىيەتسىزلىكى ئەمەسمۇ؟ ئىمانلار « ۋەھىي ( بىھۇشلۇق) » سەۋەبىگە مەھكۇم قىلىنىپ، چىشى ۋە تىرنىقى يۇلۇپ تاشلانغان ياۋاش شىرغا ئوخشاش قىلىپ قويۇلدى. قەلىپ ئىمانغا ماكان بولۇشنىڭ ئورنىغا، ئەكسىچە ئۇنىڭغا زىندان بولدى.

كۆنمىزدە ئىنسانغا پايدا قىلمايدىغان بىر ئىسلامچىلىق مودا بولىۋاتىدۇ. كىشىگە پەقەت ئىسلاملا بېرەلەيدىغان ئەڭ گۈزەل دەسمىي بولغان ھېس – تۇيغۇ، چۈشەنچە، ئىچكى بايلىقتىن يوقسۇن غەلىتە بىر « ئۆرنەك » تىكلەنمەكچى بولىۋاتىدۇ. يەنى، ھېس – تۇيغۇسى ۋە ھايات شەكلى بىر « خوجايىنى » ياكى بىر « مۇشاۋۇىرى ( مەسلىھەتچىسى ) » بولغان تۇرۇپمۇ، بىر مۇسۇلماندەك تەپەككۇر قىلىدىغان، ئىماننى ئەقلىنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپ قويۇپ، ئەقلى بىلەن ئىمان ئېيتىدىغان ھەيران قالارلىق كىشىلەر يارىتىلماقچى بولىۋاتىدۇ. خۇددى مۇنافىقۇن سۈرىسىدە تىلغا ئېلىنغاندەك ئۇلارنىڭ ئىسلامى چۈشەنچىسىگە، تەپەككۇرلىرىنىڭ چوڭقۇرلىقىغا ياكى ئايەتلەر ئارىسىدا پەيدا قىلغان ئەقىل ئويۇنلىرى ۋە مەنتىقلىرىگە، يەنى نۇتۇقلىرىغا ھەيران قالىسىز ( مۇنافىقۇن، 4 ).

مۇسۇلماننىڭ ئەڭ كۈچلۈك ئورگانى يۈرىكى بولۇپ، مەيلى ئاللاھ بىلەن بولسۇن ياكى بەندە بىلەن بولسۇن ھەر تۈرلۈك مۇناسىۋەت بۇ يەردىن باشلىنىدۇ. مەسىلەن: ئىككى ماركسىزمچى بىلەن ئىككى مۇسۇلمان ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتتە پەرق بولىشى كېرەك. « قېرىنداش »لىق « يولداش »لىقتا ئايلىنىپ قالماسلىقى لازىم. دەۋا دېگەندەك ھەر خىل ئىسىم بىلەن ئاتىغان مەۋھۇم نەرسىلەر بۇنداق تاتلىق سۇ ئىسلامچىلىقنىڭ باھانىسى بولالمايدۇ. ھېس قىلمايدىغان، تىترىمەيدىغان، كۆيمەيدىغان، قايغۇرمايدىغان قەلىپ بىلەن تاشنىڭ نېمە پەرقى بار؟ قۇرئاندا تاشلارنىڭ بۇنداق قەلبتىن ياخشى ئىكەنلىكى بايان قىلىنماقتا:

« ... شۇنىڭدىن كېيىن دىلىڭلار قېتىپ كەتتى، تاشتەك ياكى تاشتىنمۇ قاتتىق قېتىپ كەتتى، تاشلار ئارىسىدا ئىچىدىن ( سۇ ئېتىلىپ چىقىپ ) ئېرىقلار ھاسىل بولىدىغانلىرى بار، يېرىلىپ ئارىسىدىن سۇ چىقىدىغانلىرىمۇ بار؛ ئاللاھتىن قورقۇپ ( تاغ چوققۇلىرىدىن ) دومىلاپ چۈشىدىغانلىرىمۇ بار ( دېمەك، تاش يۇمشايدۇ، سىلەرنىڭ دىلىڭلار بولسا يۇمشىمايدۇ ۋە تەسىرلەنمەيدۇ )، ئاللاھ قىلمىشىڭلاردىن غاپىل ئەمەستۇر » ( بەقەرە، 74 ).

ئەگەر قەلبىڭ مۇشۇنداق بولسا ئەمدى ئۇنىڭغا ھامماللىق قىلما. بىر ئۆمۈر كۆكسىڭدە گرانىت بىر پارچە تاشنى كۆتۈرۈپ يۈرۈشكە سېنى كىم ۋە نېمە مەجبۇر قىلىۋاتىدۇ؟ ئۇنى ئېلىپ تاشلىۋەت!

بۈگۈن مۇسۇلمان ياشلىرىنىڭ مەنىۋىي دۇنياسىدا گىرىپتار بولغان ھەقىرلىق ناھايىتى ئېغىر. بۇ سەۋەپتىن دىننى ئىدىئولوگىيە، كىتاپنى

خىتاپنامە، رەسۇلۇللاھنى ئىددىئولوگ، تەبلىغنى تەشۋىقات، دەۋەتچىنى تەشۋىقچى، جىھادنى جىدەل، تەپەككۇرنى ئەقىل ئىشلىتىش، دەۋەتنى مەدداھلىق دەپ چۈشەندۇق ۋە چۈشەندۈردۇق. بۇ ئىسلامىي ھەقىقەتلەرنى ماھىيىتىدىن ئايرىپ تاشلىغانلىقىمىز ئۈچۈن بىر نەسلىنىڭ ھاياتىدا ئۆزگۈرۈش ھاسىل قىلغان بۇ ھەقىقەتلەر، بىزنىڭ ھاياتىمىزدا ئۆزگۈرۈش ھاسىل قىلىش ئۇياقتا تۇرسۇن، كىچىك بىر ئۇچقۇنمۇ پەيدا قىلالمىدى.

تەربىيلەنمىدۇق، ئۆگەندۇق. بىرى بولماي تۇرۇپ، يەنە بىرى بەك كارغا كەلمىدى. نەزەر تاشلىدۇق، لېكىن كۆرەلمىدۇق، ھالبۇكى، كۆردۇق دەپ ئويلاپ قالدۇق. بىلدۇق، لېكىن چۈشەنمىدۇق. چۈشۈنۈپ قالغان تەقدىردىمۇ ھاياتىمىزغا تەدبىقلىيالمىدۇق. تەدبىقلىغان بولساقمۇ، ئىخلاسقا ئېرىشەلمىدۇق. بەزىدە بىلمىگەنلىكىمىز ئۈچۈن بەزىدە بىلىپ چۈشىنەلمىگەنلىكىمىز ئۈچۈن دۈشمەن بولدۇق.

مۇۋازىنەتنىڭ ئىچكى دۇنيامىزنىڭ زىيىنىغا بۇزۇلىشىنىڭ ئاستىدا ياتقان سەۋەپلەردىن بىزگە مۇناسىۋەتلىك بولغان ئەڭ مۇھىم ئۈچ نوقتا ھەققىدە توختالماقچىمەن. بۇلار:

1. تەۋھىد چۈشەنچىسىدىكى بىر تەرەپلىمىلىك
2. دىننى سىياسىيلاشتۇرۇش
3. ئىنكاس

بۇلاردىن تەرتىپ بويىچە ئىزاھلاپ ئۆتىمەن.

## تەۋھىد چۈشەنچىسىدىكى بىر تەرەپلىمىلىك

تەۋھىد چۈشەنچىسىدىكى بىر تەرەپلىمىلىك ئىسلامنىڭ تۇغۇلۇش تارىخىنى ياخشى مۇلاھىزە قىلالماسلىقتىن، ئۇنىڭغا توغرا مۇئامىلە قىلالماسلىقتىن كېلىپ چىقىدۇ.

مەلۇم بولغاندەك « مەككە دەۋرى » ئىبادەت ۋە مۇئامىلىدىن زىيادە تەۋھىد ئەقىدىسىنى يەرلەشتۈرۈشكە ئەھمىيەت بەرگەن بىر دەۋر ئىدى. دىنىنىڭ ئۇلى بولغان ئەقىدە ئۇرۇقلىرى بۇ مەزگىلدە قەلبلەرگە چېچىلغانىدى. سائادەت ئەسرىنى ئۆز مەنتىقىسى ئىچىدە چۈشەنگەن ۋاقتىمىزدا، بۇ تەدبىرنىڭ شۇنداق بىر جەمئىيەت ئۈچۈن ئەڭ ئۇنۇملۇك چارە ئىكەنلىكىنى چۈشىنىپ يېتەلەيمىز. ئەپسۇسكى، بۇ دەۋرنى ئۆز شەرت – شارائىتى ۋە

ئۆزنگە خاس ئالاھىدىلىكى ئىچىدە تۇرۇپ توغرا چۈشىنەلمىگەنلىكتىن، كېيىنكى مەزگىلدە ئۆز ۋاقتىدىكى بەزى تەدبىرلەر ھەققىدە خاتا چۈشەنچىلەر كېلىپ چىققان. يەنى، بۈگۈنمۇ ئىچىمىزدە ھىمايىچىلىرى بولغان بىر تەرەپلىمىلىك تەۋھىد چۈشەنچىسىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان. بۇ بىر تەرەپلىمىلىك، ئەسرى سائادەتنىڭ ئۆزىگە خاس شەرت – شارائىتىنى ۋە ئىمكانىيەتلىرىنى نەزەردىن ساقىت قىلىپ، « ئىسلاملىشىش جەريانى »نى شۇ پېتى بۇ دەۋرگە ئېلىپ كەلمەكچى بولغانلىقتىن كېلىپ چىقماقتا.

ھەقىقەت شۇكى، بۈگۈنكى دەۋر ھەر جەھەتتىن مەككە دەۋرىگە ئوخشايدۇ دەپ قارايدىغان بولسا، بۇنداق بىر مەزگىلدە قىلىشقا تېگىشلىك بولغان ئىش خۇددى رەسۇلۇللاھقا ئوخشاش تەۋھىد ئەقىدىسىنى قەلبلەرگە يەرلەشتۈرۈش؛ ئەخلاق، مۇئامىلە ۋە ھەرىكەتتە بۇ تەرتىپكە ئاساسەن ھەرىكەت قىلىشىمىز كېرەك. بولۇپمۇ ئەخلاق، ئىھسان، ئىرپان، نەپس ۋە روھ تەربىيىسى بىلەن شۇغۇللىنىش مۇشۇنداق بىر مەزگىلدە بەكمۇ زۆرۈر بولىدۇ؛ مۇئامىلە قانداق بولغان بولسا، پوزىتسىيىمىز مۇشۇنداق بولۇشى كېرەك.

مۇنازىرىگە ئوچۇق بولغان بۇ نەزەرىيىنى قوبۇل قىلىپ « ئامەننا » دېدۇق ۋە بۇ ئۇسلۇبنى توغرا دەپ قارىدۇق دەيمۇ تۇرايلى ھازىرچە. ئوخشاش مەنتىق بىلەن يولغا چىققان ۋاقتىمىزدا، تۆۋەندە ئوقۇيدىغان شۇ كەرىم ئايەتلەرنىڭ مەككىدە نازىل بولغانلىقىنى قانداق چۈشەندۈرىمىز؟ بۇ ئايەتلەر نازىل بولغان مەزگىلدە ھاراق ئىدىشلىرى تېخى چېقىپ تاشلانمىغان، ھىجاپ پەرز بولمىغان، ئۆسۈمنىڭ ھارام قىلىنمىغانلىقىنى ئۇنۇتماسلىقىمىز لازىم. نۇرغۇن پەرزنىڭ ئىسمى تېخى مەلۇم ئەمەس ئىدى ئۇ مەزگىلدە.

دۆلەتمۇ قۇرۇلمىغانىدى. « دۆلەت »نى ياخشى مۇسۇلمان بولۇشنىڭ شەرتى قاتارىدا ساناشنىڭ ئورنىغا، ئايەتلەرگە ئاساسەن ئالدى بىلەن « يۈرەك دۆلتى » قۇرۇش كېرەك ئىدى. ئايەتلەرگە قايتىپ، مۇتتەقىلەرنىڭ سۈپەتلىرىنى ئاڭلاپ باقايلى:

« كَانُوا قَلِيلًا مِّنَ اللَّيْلِ مَا يَهْجَعُونَ وَبِالْأَسْحَارِ هُمْ يَسْتَغْفِرُونَ - ئۇلار كېچىسى ئاز ئۇخلايدۇ. سەھەرلەردە ( رەببىدىن ) مەغپىرەت تىلەيدۇ » ( زارىيات،17- 18 ).

گراماتىكا نۇقتىسىدىن باشتىكى « كانۇ » ناقىس پېئىلىگە « - تى »لىك ئۆتكەن زامان مەنىسىنى ( ئۇخلايتتى ) بېرىشىمىز كېرەك ئىدى. لېكىن ئۇ ۋاقىتتا مەزكۇر ئايەت ئۆتمۈشتىكى بىرسىگە خىتاپ قىلىنۋاتقاندەك تۇيغۇ

بىربىر قويىشى مۇمكىن. ھالبۇكى، بۇ ئايەتنىڭ ئالدىدىكى ئايەتتە جەننەتكە كىرگەن مۇتتەقى مۇئمىنلەرنىڭ دۇنيا ھاياتىدا قىلغانلىرى بايان قىلىنماقتا. « كېچىدە ناھايىتى ئاز ئۇخلاش » ۋە « سەھەر ۋاقتىدا مەغپىرەت تىلەش »كە ئوخشاش بىر ئەمەللەرمۇ « ئىتتىقا »نىڭ، شۇنداقلا جەننەتكە كىرگەن، كىرىدىغان كىشىنىڭ سۈپەتلىرى قاتارىدىن كۆرسىتىلمەكتە.

شۇنداق، ئەي تەۋھىدنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويغان دوستۇم! مەككىدە نازىل بولغانلىقىدا شۈبھە بولمىغان بۇ ئايەت سېنىڭ « مەككەڭدە » نىمە ئۈچۈن ھازىرغىچە نازىل بولمىدى؟ ئەڭ ئاخىرقى قېتىم گۇناھنى قاچان ئۆتكۈزدۈڭ؟ بەش يىل بۇرۇن؟ ياق، بىر يىل بۇرۇن؟ ياق، بىر ئاي، بىر ھەپتە بۇرۇن؟ ياق، ياق، باياتىن! شۇنداق، بۇ توغرا. ھاياتىمىزدا گۇناھتىن ساقلىنىش ئۈچۈن ئۇنداق يىراقلارغا كېتىشىنىڭ ھاجىتى يوق دەپ قارايمەن. كىشى ھېچ گۇناھ ئۆتكۈزمىگەن تەقدىردىمۇ، شۇ تۇغيان سەللىرىنىڭ ئوتتۇرىسىدا جەمئىيەت پاسىق ۋە گۇناھ ماشىنىسىدەك توختىماي پاسات ئىشلەپچىقىرىۋاتقان بىر مۇھىتتا، ئۇنىڭغا سۈكۈت قىلىپ ياشاشنىڭ ئۆزى يېتەرلىك گۇناھ ئەمەسمۇ؟ بۇ ھەقتە شۈبھىسى بولغانلار ئىسلامدىكى ئەمرى بىل مەئرۇپ نەھيى ئەنىل مۇنكەر پەرزىنىڭ ئاساسى بولغان ئامىللارنى قايتىدىن كۆرۈپ چىقسۇن.

بۇ ئەھۋالدا ئاللاھنىڭ « ۋەستەغفىرۇ ( مەغپىرەت تىلەڭلار! ) » ( ھۇد، 3، 52، 61، 92؛ فۇسسىلەت، 6؛ نۇھ، 10 ) ئەمرىگە ئىتائەت قىلىپ ۋە زارىيات سۈرىسىدىكى تەۋسىيەلىرىگە ئەمەل قىلغان ئاساستا، رەببىنىڭ ھوزۇرىدا قورققان ۋە ئەيمەنگەن ھالدا بويۇن ئېگىپ قىلغان ئەڭ ئاخىرقى ئىستىغفار قاچان ئىدى؟ دەپ سورىسا بېرىدىغان جاۋابىمىز سىزچە نىمە بولار؟ بۇنى بىلمەيمەن.

ئاللاھ رەسۇلى ۋە ساھابىلەرنىڭ مەككىسىدە نازىل بولۇپ بىزنىڭ مەككىمىزدە ھازىرغىچە نازىل بولمىغان ئايەتلەرنى ئوقۇشنى داۋاملاشتۇرايلى:

« إِنّ الّذِينَ هُم مِّنْ خَشْيَةِ رَبِّهِم مُّشْفِقُونَ - ھەقىقەتەن رەببىنىڭ ھەيۋىسىدىن قورققۇچى كىشىلەر » ( مۇئمىنۇن، 57 ).

ئايەتتە تىلغا ئېلىنغان « خاشيەت » ۋە « ھۆرمەت قىلىپ قورقۇش » بىر روھى ھالەت بولۇپ، بۇنى كىتاپلاردىن ئۆگەنگىلى بولمايدۇ، بېشىدىن ئۆتكۈزۈش بىلەن ئۆگەنگىلى بولىدۇ. ئادەتتە، « ھۆرمەت يۈزىدىن قورقۇش » مەنىسى بېرىلگەن « مۇشفىقۇن » ئاتالغۇسىدىمۇ مۇۋازىنەت روشەن ھالدا

كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. بىر – بىرىگە زىتتەك تۇيۇلغان « ھۆرمەت » ۋە « قورقۇ »، ئەسلىدە كىشىنىڭ ئاللاھ ئالدىدىكى روھى ھالىتىنى تەڭپۇڭلاشتۇرىدىغان تەڭ دەرىجىدىكى ئىككى ئامىل. ئۇنىڭدىن كېيىنكى ئايەتلەردىمۇ بۇ مۇۋازىنەت ئۆزىنى تېخىمۇ روشەن ھالدا نامايەن قىلىدۇ:

« وَالّذِينَ يُؤْتُونَ مَا آتَوا وّقُلُوبُهُمْ وَجِلَةٌ أَنّهُمْ إِلَى رَبِّهِمْ رَاجِعُونَ - سەدىقە بېرىدىغان ئەمما رەببىنىڭ دەرگاھىغا ( ھېساپ بېرىش ئۈچۈن ) قايتىپ بارىدىغانلىقىدىن دىللىرى قورقۇپ تۇرىدىغان كىشىلەر » ( مۇئمىنۇن، 60 ).

شۇنداق، بېرىسىز. ئەمما بېرەلىگەنلىكىڭىز خوشاللىقى كىبىرگە ۋە مەنمەنچىلىككە ئايلىنىپ قېلىشتىن قورقىسىز، يۈرىكىڭىزنىڭ ئەڭ چوڭقۇر قاتلىمىدىن بۇ ئەندىشىنى ھېس قىلىسىز. بېرىش سىزگە ئېلىپ كەلگەن « ئۈمىدنى »، بەرگەنلىرىڭىزنىڭ قوبۇل قىلىنىشىدىن، ئەمەللىڭىزنىڭ سالىھ بولۇپ – بولمىغانلىقىدىن تۇيۇلغان بىر « ئەندىشە » بىلەن تەڭپۇڭلاشتۇرىسىز. ئەگەر بۇ شەكىلدە قىلالىساق، بىر ياخشىلىقنى ياخشى ئۇسلۇب، ياخشى نىيەت ۋە ياخشى غايە ئۈچۈن قىلغان « ياخشىلاردىن » بولۇشنىڭ خوش بىشارىتى قۇرئاندا مۇنداق بايان قىلىنىدۇ:

« وَالّذِينَ يُؤْتُونَ مَا آتَوا وّقُلُوبُهُمْ وَجِلَةٌ أَنّهُمْ إِلَى رَبِّهِمْ رَاجِعُونَ - ئەنە شۇلار ياخشى ئىشلارنى ( باشقىلارنىڭ ) ئالدىدا قىلىشقا تىرىشقۇچىلاردۇر » ( مۇئمىنۇن، 61 ).

بۇ مەككە ئايەتلىرى « مۇئمىنلەرنىڭ ھەقىقەتەن نىجادلىققا ئېرىشكەنلىكىنىڭ » خوش بىشارىتىنى بەرگەندىن كېيىن، نىجادلىققا ئېرىشكەن مۇئمىنلەرنىڭ سۈپەتلىرىنى بايان قىلىدۇ:

« ( شۇنداق مۇئمىنلەركى ) ئۇلار نامازلىرىدا ( ئاللاھنىڭ ئۇلۇغلىقىدىن سۈر بېسىپ كەتكەنلىكتىن ) ئەيمىنىپ تۇرغۇچىلاردۇر.

ئۇلار بىھۇدە سۆز، بىھۇدە ئىشتىن يىراق بولغۇچىلاردۇر.

ئۇلار زاكات بەرگۈچىلەردۇر.

ئۇلار ئەۋرەتلىرىنى ( ھارامدىن ) ساقلىغۇچىلاردۇر » ( مۇئمىنۇن، 2 - 5 ).

« ئۇلار ئۆزلىرىگە تاپشۇرۇلغان ئامانەتلەرگە ۋە بەرگەن ئەھدىگە رىئايە قىلغۇچىلاردۇر.

ئۇلار نامازلىرىنى ( ۋاقتىدا تەئدىل ئەركان بىلەن ) ئادا قىلغۇچىلاردۇر » ( مۇئمىنۇن، 8، 9 ).

شۇنداق، دۆلەت قۇرۇلغان مەددىندە ئەمەس، بەلكى دۆلەت قۇرۇلمىغان مەككىدە، يەنى ئەقىدە ۋە تەۋھىد بىر - بىرىنى كۈچەيتكەن مەككىدە « بىھۇدە نەرسىلەردىن يۈز ئۆرۈش »كە، « ئامانەت ۋە بېرىلگەن ئەھدىگە رىئايە قىلىش»قا ئوخشاش بىز ۋە بىز تەۋھىد دەۋەتچىلىرى ئانچە ئەھمىيەت بەرمىگەن مەسىلىلەرگە ئەھمىيەت بېرىلگەنىدى.

بۇ تەۋسىيەلەرنىڭ « دۆلىتى بولغان » ئەمەس، ئەمما « جامائىتى بولغان » مەككىدە ئوتتۇرىغا قويۇلىشى ئالدى بىلەن « مەككە دەۋرى – مەدىنە دەۋرى » باسقۇچىنى ھەر دەۋردە بولىدۇ دەپ قارىغانلارنىڭ دىققىتىنى تارتىشى كېرەك. مىللەت ھەققىدىكى مۇنازىرىدىن زىيادە بىلىش زۆرۈر بولغان نەرسە شۇكى، بۇ ئىلاھىي تەۋسىيەلەرنىڭ ئىمان دائىرىسى تولدۇرغان ئىھسان ۋە ئېرپانغا ئېرىششنىڭ كۆرسەتكۈچ بەلگىسى ئىكەنلىكىدەك ھەقىقەتنى بىلىشتۇر...

شۇنى بىلىشىمىز كېرەككى، « رەسۇل » بولۇشتىن بۇرۇن « ئەمىن » بولغان بىر نەبىنىڭ ئۈممىتى بىز. ئىمانىڭنى يوقۇتۇپ قويساڭمۇ ئەمىنلىك سۈپىتىڭنى يوقۇتۇپ قويماسلىقىڭ كېرەك. يەنە شۇنى ئوبدان بىلىشىڭ كېرەككى، ئەڭ چوڭ خىيانەت ئىمانغا قىلىنغان خىيانەتتۇر. ئەمىنلىك سۈپىتىگە ئىگە بولۇپ، دۈشمەنلىرىڭىزنىڭ ئاغزىدىن ئېتىراپ قىلدۇرمىغىچە، بىز ۋىجدان ئەينىكىدە مۇئمىن كۆرۈنسەكمۇ، جەمئىيەت ياكى كىشىلەر ئەينىكىدە « مۇئمىن ( ئەمىنلىك بەرگۈچى كىشى ) » بولالمايمىز دېگەنلىك بولىدۇ.

ئەمەل لىباسى ئەمەس، ئىمان لىباسى تەۋھىدنىڭ بېزىكى بولغان بۇ ئىلاھىي تەۋسىيەلەرنى بايان قىلىشنى داۋاملاشتۇرغان ئاساستا تەۋھىد چۈشەنچىمىزنى شەكىللەندۈرەيلى. بۇ ئايەتلەرمۇ مەككىدە نازىل بولغان:

« الَّذِينَ يُوفُونَ بِعَهْدِ اللّهِ وَلاَ يِنقُضُونَ الْمِيثَاقَ وَالَّذِينَ يَصِلُونَ مَا أَمَرَ اللّهُ بِهِ أَن يُوصَلَ وَيَخْشَوْنَ رَبَّهُمْ وَيَخَافُونَ سُوءَ الحِسَابِ وَالَّذِينَ صَبَرُواْ ابْتِغَاء وَجْهِ رَبِّهِمْ وَأَقَامُواْ الصَّلاَةَ وَأَنفَقُواْ مِمَّا رَزَقْنَاهُمْ سِرًّا وَعَلاَنِيَةً وَيَدْرَؤُونَ بِالْحَسَنَةِ السَّيِّئَةَ أُوْلَئِكَ لَهُمْ عُقْبَى الدَّارِ - ئۇلار ئاللاھنىڭ ئەھدىگە ( يەنى ئاللاھ تاپشۇرغان ئىشلارغا ) ۋاپا قىلىدۇ، بەرگەن ۋەدىسىنى بۇزمايدۇ. ئۇلار ئاللاھنىڭ ( خىش – ئەقرىبالارغا ) سىلە – رەھىم قىلىشتىن ئىبارەت ئەمرىنى بەجا كەلتۈرىدۇ، ئاللاھتىن قورقىدۇ، قاتتىق ھېساب ئېلىنىشتىن قورقىدۇ.

رەببىنىڭ رازىلىقىنى كۆزلەپ ( يەتكەن كۈلپەتلەرگە ) سەۋر قىلغانلار، ( پەرز ) نامازنى ئادا قىلغانلار، بىز رىزىق قىلىپ بەرگەن مال – مۈلۈكتىن ( ئاللاھ يولىدا ) يوشۇرۇن ۋە ئاشكارا يوسۇندا سەرپ قىلغانلار ۋە ياخشىلىقى ئارقىلىق يامانلىقنى دەپئى قىلىدىغانلار ( يەنى بىلمەستىن يامان ئىش قىلىپ قالسا، ئارقىدىن ياخشى ئىش قىلىدىغانلار، يامانلىق قىلغۇچىلارغا كەڭ قورساق بولۇپ، ياخشى مۇناسىۋەتتە بولىدىغانلار ) – ئەنە شۇلارنىڭ ئاخىرەتلىكى ياخشى بولىدۇ » ( رەئد، 20 ـ 22 ).

« وَعِبَادُ الرَّحْمَنِ الَّذِينَ يَمْشُونَ عَلَى الْأَرْضِ هَوْنًا وَإِذَا خَاطَبَهُمُ الْجَاهِلُونَ قَالُوا سَلَامًا وَعِبَادُ الرَّحْمَنِ الَّذِينَ يَمْشُونَ عَلَى الْأَرْضِ هَوْنًا وَإِذَا خَاطَبَهُمُ الْجَاهِلُونَ قَالُوا سَلَامًا ـ مەرھەمەتلىك ئاللاھنىڭ ( ياخشى كۆرىدىغان ) بەندىلىرى زېمىندا ئۆزلىرىنى تۆۋەن تۇتۇپ تەمكىنلىك بىلەن ماڭىدۇ، نادانلار ئۇلارغا ( ياقتۇرمايدىغان ) سۆز قىلسا، ئۇلار: سىلەرگە ئامانلىق تىلەيمىز، دەيدۇ ( يەنى گۇناھ بولمايدىغان ) سۆزلەرنى قىلىدۇ.

ئۇلار كېچىلەرنى رەببىگە سەجدە قىلىش ۋە قىيامدا تۇرۇش بىلەن ( يەنى ناماز ئوقۇش بىلەن ) ئۆتكۈزىدۇ » ( فۇرقان، 63، 64 ).

« وَالَّذِينَ إِذَا أَنفَقُوا لَمْ يُسْرِفُوا وَلَمْ يَقْتُرُوا وَكَانَ بَيْنَ ذَلِكَ قَوَامًا ـ ئۇلار ( يەنى ئاللاھ ياخشى كۆرىدىغان بەندىلەر ) خىراجەت قىلغاندا، ئىسراپچىلىق قىلمايدۇ، بېخىللىقمۇ قىلمايدۇ، ئوتتۇرا ھال خىراجەت قىلىدۇ » ( فۇرقان، 67 ).

قۇرئان تەربىيلىگەن نەسلگە مەككىدە خىتاپ قىلىنغان بۇ ئايەتلەرنى چۈشەنچىمىزدىكى « تەۋھىد » چۈشەنچىسىگە ماس كەلمەيدۇ دەپ نەزەردىن ساقىت قىلىشىمىز مۇمكىن بولمىغانىكەن، بۇلارنى رەببانى تەربىيەنىڭ تەۋھىد بىلەن بىۋاستە مۇناسىۋەتلىك بىر بۆلۈم سۈپىتىدە قوبۇل قىلىشىمىز زۆرۈر بولىدۇ. يۇقىرىدا بايان قىلىنغان ئايەتلەردە تىلغا ئېلىنىدى بۇلار: كېچىسى ئاز ئۇخلاش، سەھەر ۋاقتىدا مەغپىرەت تىلەش، رەببى ئالدىدا قورقۇش ۋە ئەيمىنىش، بەرگەنلىرىنى قەلبى قورققان ھالدا بېرىش، ياخشىلىقتا بەسلىشىش ۋە ئالدىغا ئۆتۈپ كېتىش، خۇشۇ ئىچىدە ناماز ئوقۇش، بىھۇدە نەرسىلەردىن يۈز ئۆرۈش، ئامانەتكە ۋە بەرگەن سۆزگە رىئايە قىلىش، ئاللاھ نەپسىگە، يېقىنلىرىغا، جەمئىيەتكە يەتكۈزۈشكە بۇيرۇلغانىنى يەتكۈزۈش، ھېساب بېرىشتىن قورقۇش، رەببىنىڭ رازىلىقىغا ئېرىشىش ئۈچۈن

سەبىر قىلىش، يوشۇرۇن ۋە ئاشكارە يوسۇندا ئاللاھ رازىلىقى ئۈچۈن مال – مۈلۈك سەرپ قىلىش، يامانلىقتا ياخشىلىق بىلەن جاۋاپ قايتۇرۇش...

بۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ تەۋھىد بىلەن بىۋاستە مۇناسىۋىتى يوقلىقىنى ھېچكىم ئىنكار قىلالمايدۇ. ئەگەر بۇنى دىگەن ياكى قايىل بولغان بولساق ۋە بۇ سەۋەپتىن بۇ پەزىلەتلەرگە ئەھمىيەت بەرمىسەك ياكى ئارقىغا چۆرىۋەتسەك تەۋھىدنى تولغرا چۈشىنەلمىدۇق دىگەنلىك بولىدۇ. كەمتۈك، بىر تەرەپلىمە تەۋھىد چۈشەنچىسى دىگەندىن مۇددىئامىز مانا بۇلار.

تەقۋا، ئىرپان، ئىھسانغا ئوخشاش ئۇقۇملاردا ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان ئىچكى بايلىقنىڭ قولغا كەلتۈرۈلىشى شەخسىتىكى تەۋھىد چۈشەنچىسىنىڭ چوڭقۇرلىقىنىڭ ئىپادىسى ۋە يۈرەك دۆلىتى قۇرۇشتا كىشىلىك باسقۇچتىن جەمئىيەت باسقۇچىغا ئۆتۈشتە ئوڭۇشلۇق بولىشىنىڭ تەقەززاسىدۇر.

## دىننى سىياسىيلاشتۇرۇش

بىر ئىسلام مۆتىۋىرىنىڭ ھېكمەتلىك ئىپادىسى بىلەن ئېلىپ ئېيتقاندا، بۇ دىن « سىياسىتى ئىبادەت، ئىبادىتى سىياسەت » بولغان دىندۇر. بۇ سەۋەپتىن ئىبادەتنى شەكىل نوقتىسىدىن ئېلىپ، تار بىر دائىرىگە مەھكۇم قىلىپ قويۇپ، ئۆزىنى بۇنداق تار مەنىدىكى بىر ئىبادەتكە ئاتىغانلاردىن، زالىم ۋە پاسىق ھۆكۈمرانلار تارىخ بويىچە خوشال ۋە رازى بولغان. ھەتتا، ئۇلار ئىبادەتنى كوچىلارغا، چوڭ مەھەللىلەرگە ۋە شەھەرلەرگە ئېلىپ كىرمىسۇن دەپ ئۇلارنىڭ ئالدىغا بارغان ۋە ئىبادەتنى ئۆزلىرىگە ئوخشاش قەپەسكە سولاپ قويغانلىقى ئۈچۈن ئۇلارنى مۇكاپاتلىغان.

ھاياتنىڭ پۈتۈن ساھەسىنى ئۆز ئىچىگە ئالمىغان مۇشۇنداق چولتا ئىبادەت چۈشەنچىسى زالىملارنىڭ ئىشىنى ئاسانلاشتۇرغان. بەزىلەر قىلىن تامنىڭ ئارقىسىدا ئەڭ چوڭ جىھادنى قىلىۋاتىمەن دەپ ئويلاۋاتقاندا ( خانىقالاردا زىكىر – تەسبىھ ئېيتىۋاتقاندا، مەدرەسەلەردە ئۈممەتنىڭ ئاساسلىق جىددى ئېھتىياجى بولغان يارامىلىق ئىنسانلارنى يېتىلدۈرۈپ چىقىدىغان دەرسلىك ۋە تېمىلار ئۆتۈلمەستىن، مۇھىم بولمىغان مەسىلىلەر ۋە مەزھەپلەر ئارىسىدىكى دە – تالاش دەرسلىك قىلىپ ئۆتۈلىۋاتقاندا )، ئۈممەتنىڭ بارلىق ماددىي ۋە مەنىۋىي قەدىرىيەتلىرى زالىم ھاكىمىيەت ۋە ئۇلارنىڭ يالاقچىلىرى تەرىپىدىن تالان – تاراج قىلىنغان، بۇلانغانىدى.

بۇ ۋەزىيەتكە قارشى كېلەچەكتە ئىسلام ھەرىكىتىنىڭ يادروسىنى تەشكىل قىلىشى ئۈمىد قىلىنغان نەسىل، يۇقىرىدىكىنىڭ دەل ئەكسىچە بىر پوزىتسىيە بىلەن تەڭپۇڭلۇقنى ئەكسى يۆنىلىشتە بۇزۇپ، دىننى سىياسىيلاشتۇرۇشتەك ئۇسلۇپ بىلەن ئىنكاس قايتۇرغان ۋە قايتۇرۇپ كەلمەكتە.

ئىبادەتنى تار دائىرىگە سولاپ قويۇپ، دىننى ئىبادەتلاشتۇرۇش بىنورماللىق بولغاندەك، دىننى ۋە دىنىي ھەقىقەتلەرنى كەڭ دائىرىدىكى مەنىلىرىدىن ئايرىپ تاشلاپ، سىياسىيلاشتۇرۇشمۇ ئوخشاشلا بىنورماللىق بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

بۇ بىر ئىنكاس بولۇپ، ھەر ئىنكاستا مەۋجۇت بولغان ئاجىزلىقتىن بۇمۇ خالىي ئەمەس ئىدى. بۇ چۈشەنچىدە ھەممە نەرسە ئىجتىمائىي ساھەدە كۆزىتىلەتتى ۋە باھا بېرىلەتتى. ھەممە كىشى ئۆچىنچى شەخسنى قۇتقۇزۇشنى ئويلايتتى. قۇتۇلۇشى كېرەك بولغانلار ئۆزىنى ئۇنتۇپ، باشقىلارنى قۇتقۇزىۋالغۇچى بولغانىدى. بۇ ئۆزىنىڭ نىجاتلىقىنى ئېرىشكەنلىكى خىيالىغا غەرق بولۇشتەك بىر چۈشەنچىنىڭ مەھسۇلى بولۇپ، بۇ ئەسلىدە ئۆزىگە ئوت تۇتاشقان ئوت ئۆچۈرگۈچىلەرنىڭ باشقا ئوتنى ئۆچۈرۈشكە ئىنتىلىشىگە ئوخشاش بىر ئىش ئىدى. قۇتقۇزغۇچىلار قۇتقۇزۇش ھەلەكچىلىكىدە قۇتۇلۇش ئۈچۈن ئۆزىگە ۋاقىت ئاجرىتالمايتتى.

ھالبۇكى، بىزگە بۇنداق بىر ۋەزىپە بېرىلمىگەنىدى، بىز ئۆزىمىز شۇنداق ئويلىۋالدۇق. ئەسلىدە قىلىشقا تېگىشلىك كىشىلىك مەسئۇلىيىتىمىزنى ئۇنتۇپ، ئۆچىمىزغا ئۆزىمىزگە زۆرۈر بولمىغان، كۈچىمىز يەتمەيدىغان يۈكلەرنى ئارتىۋالغانىدۇق. چۈنكى شەخسىي نىجاتلىق، جەمئىيەت خاراكتېرلىق نىجادلىقنىڭ بىرىنچى ۋە ئەڭ چوڭ شەرتى ئىدى:

« ھەر قانداق بىر قەۋم ئۆزىنىڭ ھالىنى ئۆزگەرتمىگۈچە، ئاللاھ ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى ئۆزگەرتمەيدۇ » ( رەئد، 11 ).

نەپسلىرىمىزدىكىنى ئۆزگەرتىشنىڭ ئورنىغا، بىزگە لازىم بولمايدىغان بىر ئىشقا، يەنى جەمئىيەتنى ئۆزگەرتمەكچى بولدۇق. ئەسلىدە جەمئىيەتنى ئىسلاھ قىلىشنىڭ ئەڭ توغرا ۋە قىسقا يولى نەپسىمىزنى ئىسلاھ قىلىش كېرەكلىكىنى بىلىشىمىز كېرەك ئىدى. ئالدىنقى تېمىلاردا تىلغا ئالغان كىشىلىك تۈزۈمدىن قەستىمىز نەپسىمىزدە مەۋجۇت بولغانلار ئىدى. ئەڭ باشتا ئۇلارنى ئاغدۇرۇپ تاشلاش ۋە يوقۇتۇش كېرەك ئىدى.

تاشقى دۇنياغا بۇركۇت كۆزى بىلەن قارىغانلار ئىچكى دۇنيالىرىنى، ئۇ دۇنيادىكى دۈشمەنلىرىنى، ئۇ دۇنيادا مەۋجۇت مەسىلىلەرنى ئۇنتۇپ قالغان ۋە قالماقتا ئىدى.

دىن سىياسىيلاشتۇرۇلغاندا سىياسەتمۇ تەبىئىي ھالدا دىنلىشىدۇ. پۈتۈننىڭ ئورنىغا پارچە تاللاندى ۋە « ئەھسەنى تەقۋىم » مۇۋازىنىتى بۇزۇلدى. بۇنىڭدىن باشلاپ دىن ئىدىئولوگىيە، پەيغەمبەر ئىدىئولوگ، جىھاد جىدەل، تەبلىغ تەشۋىقاتقا ئايلىنىپ قالدى. بۇ پوزىتسىيە شۇنداق نوقتىلارغا ئېلىپ كېلىندىكى، بەزىدە مۇسۇلمان بولۇشنىڭ مەجبۇرلىقىنى كۆرۈپ، چارىنى « ئىسلامچى بولۇۋېلىش » دەپ قارىغانلارمۇ چىقتى.

ئىسلاھ قىلىشقا تېگىشلىك تۈنجى جۇغراپىيەنىڭ يۈرەكلەر ئىكەنلىكى ئەسكە سېلىنمايتتى. ئىچىمىزدىكى شەخسى تۈزۈملەرگە ۋە بۇتلارغا نېمە بولىشىدىن قەتئىينەزەر گەپ قىلدۇرمايمىز، ئەمما تاشقى دۇنيامىزدىكى بۇتلارغا ۋە تۈزۈملەرگە قارشى ئاتقان ھەر مۇشتىمىز بىر « كۆز - كۆز »گە ئايلانماقتا ئىدى. شەخسيەت بولماي تۇرۇپ جامائەت، جامائەت بولماي تۇرۇپ غوللۇق خادىم، غوللۇق خادىم بولماستىن، ئورگان بولمايدىغانلىقىنى بىلىشنى خالىمايتتۇق.

يۈرەك ئىنقىلابىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، كۆڭۈل جۇغراپىيىسىنى دارۇل ئىسلامغا ئايلاندۇرالمىغان بىر كىشىنى سىياسىي ئۇتۇقى قانچىلىك پارلاق بولىشىدىن قەتئىينەزەر بىر شەكىلدە سېتىۋالغىلى بولىدۇ. تاشقى دۇنيادا قولغا كەلتۈرۈلگەن زەپەر، ئىچكى زەپەر بىلەن تەكىپۇڭلاشتۇرۇلمىغان تەقدىردە، ئاسانلا مەغلۇبىيەتكە ئۇچرايدۇ. بۇ ئاچچىق رىئاللىقنى بۇ ئۈممەت بېشىدىن ئاز ئۆتكۈزدىمۇ؟ قۇرتىنى ئىچىدە ئېلىپ يۈرگەن چىرايلىق مېۋىگە ئوخشاش، بۇ ئۈممەتنىڭ تارىخى كۆز بويامچى زەپەرلەرنىڭ ئاچچىق ئاقىۋەتلىرى بىلەن تولۇپ تاشماقتا.

مۇناسىۋەتلىك خادىملار بىر كۈنى ئىسلامىي خىزمەتلەر بىلەن ئەتراپىغا تونۇلغان بىرىنى سېتىۋېلىش ياكى ئاغزىنى بېسىقتۇرماقچى بولغاندا، ئەڭ باشتا ئۇ كىشى ھەققىدە تەييارلانغان ئارخىپنىڭ « ئاجىزلىق » تەرىپىگە قارايدۇ. بۇ ئاجىزلىق تەرەپنى ھەر خىل ھەۋەسلىرىڭىز، ئادەتلىرىڭىز، خۇمارىڭىز، يەنى مەيلى تاماكا بولسۇن ياكى چايغا ئامراقلىقىڭىز بولسۇن پۈتۈن بۇلار ئاجىزلىق تەرەپنى تەشكىل قىلىدۇ.

ئاجىزلىقىڭىز پۇل، مال – مۈلۈك، ھوقوق، ئايالمۇ؟ بىرىدۇ ۋە سىزنى سىپتۇۋالىدۇ. بەزىدە ئىنسان پۈتۈن ئۆمرىنىڭ ھاسىلاتىنى خۇمارى بولۇپ قالغان كىچىك بىر نەرسىگە قۇربان قىلىۋېتىدۇ. بۇ شەيتانىمۇ مۇئمىنلەرگە قارشى ئىشلەتكەن ئەڭ قەدىمى تاكتىك. بىزگە يېتىپ كەلگەن مەشھۇر رىۋايەتلەردە باشقا نەرسىلەر ئۈچۈن ئىمانىنى قانداق قىلىپ سىپتۇۋالماقچى بولغانلىقى ھەققىدىكى ئۆرنەكلەر روشەن ھالدا بايان قىلىنغان. بۇ ئەھۋالدا قىلغان بارلىق ئىشلار بىكار بولۇپ كېتىدۇ. نەتىجىدە ھىدايەت سېتىلىپ، زالالەت سېتىۋېلىنغان بولىدۇ:

أُولَئِكَ الَّذِينَ اشْتَرُوُاْ الضَّلاَلَةَ بِالْهُدَى فَمَا رَبِحَت تِّجَارَتُهُمْ وَمَا كَانُواْ مُهْتَدِينَ

- ئەنە شۇلار ھىدايەتنى بېرىپ، گۇمراھلىقنى ئالدى. شۇڭا سودىسى پايدا كەلتۈرمىدى، ئۇلار ھىدايەت تاپقۇچى بولمىدى ( بەقەرە، 16 ).

مۇئمىننىڭ ئاجىزلىقلىرى، ھەۋەسلىرى، ھېرىسلىرى خانىسىدا « ئاللاھ » يېزىلىشى، « ئاللاھ رەسۇلى » يېزىلىشى، بۇلارغا بولغان مۇھەببەت يېزىلىشى، رازىلىقى ۋە خوشال بولىدىغانلىقى يېزىلغان بولۇشى كېرەك. بىرەلىسە ئۇنىڭغا بۇلارنى بەرسۇن. مانا بۇ كىملىكىمىزنى بەرسۇن ۋە قولىدىن كېلىشىچە پايدىلانسۇن. خۇددى ئابدۇللاھ بىن ئۆمەر ئېيتقانىدەك « قولىدىن كەلسە بىزنى ئاللاھ بىلەن، ئاللاھنىڭ رەسۇلى نامىدىن ئالدىسۇن ».

ئاللاھنىڭ قوشۇنى ( جۇندۇللاھ )نىڭ ھەقىقىي سانىنى بىلىشنى خالىغانلار، كىشىلەرنىڭ ئاجىزلىق نوقتىسىغا نېمە يېزىلغانلىقىغا قارىسۇن. ئۆزىنىڭ ئاجىزلىقىنى بىلمەكچى بولغانلارمۇ شۇنداق قىلسۇن.

## ئىنكاس

مەنىۋي دۇنيامىزنى يېتىلدۈرۈشنى دەۋا قىلغان بەزى تەرىقەتچىلىك، سوپىزملىق ۋە باشقا ئېقىملارنىڭ بارلىقى ھەممىمىزگە مەلۇم. بۇ كىشىلەرنىڭ مەزكۇر ئىشنى قانچىلىك دەرىجىدە ئەمەلىيلەشتۈرەلىگەنلىكى، كۆچى، سەممىيىتى، ئەقىدە ۋە سىياسي ئاڭلىرى ئايرىم مۇنازىرە تېمىسى. مەزكۇر كىشىلەرنىڭ ھەممىسىنى بىر تاياقتا ھەيدەش مېنىڭچە توغرا ئەمەس.

ئادەتتە بۇ ئۇسلۇبنى قوبۇل قىلغان بەزى كىشىلەرنىڭ سىياسي جەھەتتىن بىر پەرىشانلىق، ھەتتا پات – پات خىيانەت ئىچىدە بولۇپ قالغانلىقى كۆرۈلمەكتە. بۇلارنىڭ ئىچىدە ئىسلام دۈشمىنى بولغان

ھاكىمىيەتلەرنى قوللايدىغانلارمۇ چىقماقتا. بەزىلىرى « مېنى چاقمىغان يىلان مىڭ يىل ياشىسۇن » پەلسەپىسىگە چىڭ يېپىشىپ، ئۆز ئىبقىمى ۋە مۇرتلىرىنىڭ ئامانلىقىنى ئىسلامنىڭ ئامانلىقىدىن ئۈستۈن تۇتماقتا. ھەتتا « بۈيۈك قۇتقۇزغۇچى » ئىكەنلىكى دەۋا قىلىنغان ۋە دىنغا بولغان مۇئامىلىسى ھەممىگە مەلۇم بولغان بىر شەيخنىڭ، جۇمھۇرىيەتنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە شەرقتە « قوللاش » شەرتى بىلەن بەرگەن شەيخلىق ئىجازەتنامىلىرى*، ھازىرغىچە مۇرتلىرى تەرىپىدىن ساقلانماقتا.

مەزكۇر كىشىلەردىن بەزىلىرى، دۇنياۋىي ئىسلامىي ھەرىكەتكە دۈشمەنلىكىدىنمۇ ئۆتە دۈشمەنچە مۇئامىلىدە بولماقتا. يېقىنقى يىللاردا مۇسۇلمانلارنىڭ دۇنيا تەرتىپىگە ماسلىشىشى ئۈچۈن ئىجتىمائىي ئورۇن بۇ كىشىلەرنىڭ قولىدا « مەشرەب، مەزھەپ ۋەياكى گورۇھ غەيرىتى »گە ئايلانماقتا ۋە ئۈممەت ئەزالىرىنىڭ ئېنېرگىيىسى ئىسراپ قىلىنماقتا. دىن مەركەزلىك ئەمەس، مەزھەپ ياكى گورۇھ مەركەزلىك تەربىيە نەتىجىسىدە دىنىنىڭ ئەمەس، مەزھەپ ياكى گورۇھنىڭ نىجات تېپىشى ئاساس قىلىنماقتا.

بۇ سەلبىي تەسىرلەر ھەققىدىكى مىساللارنى يەنە كەلتۈرۈش مۇمكىن. لېكىن شۇنى ياخشى بىلىش كېرەككى، بەزىلەرنىڭ بەزىدە ھاماقەتلىكىدىن ۋە جاھالىتىدىن، بەزىدە ئىسلامغا قىلغان خىيانىتىدىن كېلىپ چىققان بۇ سەلبىي تەسىرلىرى ئىسلام دەۋاسىنى يامان كۆرستىشكە ئۇرۇنۇۋاتقانلارنىڭ تېخىمۇ ئەدەپسىز بولۇشىنى، تەربىيەسىزلىك قىلىشىنى، ئىھسان، ئىرپان ۋە تەقۋا گادىيى بولۇشىنى ھەقلىق قىلمايدۇ.

نەپسنى تەربىيە قىلىش ۋە پاكلاش، ئاللاھقا تەسبىھ ئېيتىش، پاك دەپ بىلىش، ھەمد ئېيتىش ۋە زىكىر قىلىش، مۇسۇلمانلار ئىچىدە مەلۇم بىر گورۇپپىنىڭ ئەمەس، قۇرئانغا ئەگەشكەن ھەر كىشىنىڭ ئورتاق شۇئارىدۇر.

تەقۋا، خۇشۇ، ئىھسان، قورقۇ، ئەيمىنىش، شەپقەت بىر گورۇھنىڭ ئەمەس، قۇرئاننىڭ ئاتالغۇسى. ئىسلامنىڭ « كامىل ئىنسان » ئۆلگىسىگە ئايلىنىش رېتسىپى بولغان بۇ شۇئارلارنى جان بېقىش يولىغا ئايلاندۇرىۋالغانلارغا قارشى تۇتىدىغان پوزىتسىيە، ئىھسان، ئىرپان، ئەخلاق، نەپسنى تىزگىنلەش، تەقۋا، زىكىر، تەسبىھ، ئىستىغفارنى نەزەردىن ساقىت قىلىش بىلەن بولمايدۇ. بولۇپمۇ تەرك ئېتىش توغرا ئەمەس.

---

* تۈركىيەدىكى ۋەزىيەت كۆزدە تۇتۇلغان

بۇ خاتا چۈشەنچىلەرگە قارشى بىلدۈرىدىغان ئەڭ پاراسەتلىك ئىنكاس مۇتتەقى بولۇش، نەپسىنى تىزگىنلەش، ئابىد بولۇش، ئارىف ۋە پەزىلەتلىك بولۇشتىن ئىبارەت. بۇ ئارتۇقچىلىقلارغا ئىگە بولۇش ئۈچۈن بەدقىلىق، ھورۇن ۋە ھەددىدىن زىيادە تارتىنچاق بولۇشنىڭ ھاجىتى يوقلىقىنى، مۇرەسسەچىلىك ۋە يول قويۇش بىلەن بۇلارنىڭ ھېچقانداق مۇناسىۋىتىنىڭ يوقلىقىنى ئىسپاتلاش، مەزكۇر ئالاھىدىلىكلەرنى ھىمايە قىلىش ئارقىلىق بۇ ئىشنى سۇيىئىستىمال قىلغان كىشىلەرنىڭ مونوپوللۇقىنى پاچاقلاپ تاشلاش زۆرۈر بولماقتا.

بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ خاتالىقلىرى يەنە باشقا بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ پەزىلىتى بولمايدۇ. ئەمدى تاتلىق سۇ ئىسلامچىلىقىنىڭ ھېچكىمگە بىر پايدىسى يوقلىقىنى تونۇپ يېتىش كېرەك. تاملار ئۆرۈپ تاشلانغان بىر دەۋردە* مۇئمىنلەرنىڭ قەلبىدىكى ۋە زېھنىدىكى تاملارغا بىر باھانە تېپىشى بىر ئاز قېيىن بولىدۇ.

قېنى، بۇلارنى ئۆرۈپ تاشلاشقا ئاتلىنايلى. بىر سەپەرۋەرلىك باشلىتايلى. ھەر كىشى قەلبى دۇنياسىنىڭ چۆلگە ئايلانغان بىپايان جۇغراپىيىسىنى بوستانلىققا ئايلاندۇرۇش ئۈچۈن بۇ سەپەرۋەرلىككە قاتناشسۇن. قەلبىگە ئىگە بولالمىغانىنىڭ يۈرىكى ئىشغال قىلىنىدۇ. شۇنى بىلىشىمىز كېرەككى، يۈرەك بىر « ئىمكان ». ئۇ تېخنىكىنىڭ ئەمەس، ئاللاھنىڭ بىر مۆجىزىسى. ئۇنى تولۇق ئىشلىتىش يولىنى ئۆگەنگەن ۋاقتىمىزدا تار دائىرىلىكتىن قۇتۇلۇپ تېخىمۇ كەڭ دائىرىگە ئىگە بولىمىز، باي بولىمىز.

« ئارىف » بولماي تۇرۇپ « ئالىم »، « مۇتتەقى » بولماي تۇرۇپ « مۇجاھىت » بولغىلى بولمايدىغانلىقىنى بىلىشىمىز كېرەك. يۈرەككە قايسى كۈچ ھۆكۈمران بولسا بەدەن ۋە پۈتۈن ئەزالىرىغا « ئۇ كۈچ » ھاكىم بولىدۇ. ئىشغال قىلىنغان بىر يۈرەك ساھىبىنىڭ ھۆرلۈك دەۋاسى بىر بەگلىك دەۋاسىغا ئايلىنىپ قالىدۇ. كىشى كۆڭلىنى نېمىگە تارتقۇزۇپ قويغان بولسا، سۆزى ئۇنىڭ ھەققىدە بولىدۇ. كىشى كۆڭلىنى كىمگە تارتقۇزۇپ قويغان بولسا، يۈزىمۇ ئۇنىڭغا قارايدىغان بولىدۇ، كۆزى ئۇنىڭدىن باشقىسىنى كۆرمەيدۇ.

* گېرمانىيىدىكى بېرلىن تېمىنىڭ چېيپ تاشلىنىشى كۆزدە تۇتۇلغان.

# ئىككىنچى باپ

## ئۈچكى بايلىقنىڭ قېزىپ چىقىرىلىشىدىكى مەنىۋى ئامىللار

ئۈچكى بايلىقنىڭ ئىسلام لوغىتىدىكى ئىپادىسى بولغان ئېرپان، ئىهسان ۋە تەقۋانىڭ گراماتىكىلىق ۋە لوغەت مەنىسى ھەققىدە ئۇزۇن توختىلىشنى خالىمايمەن. « تەرىپ » قىلىنغان ھەرقانداق نەرسىگە ئوخشاش بۇ قىممەتلەرنىڭمۇ زېھنىمىزنىڭ تار قېلىپلىرىدا قاتۇرلۇپ « بۇرمىلىنىشىدىن » ئەنسىرەيمەن.

بىز ئېنىقلىما بەرگەنلىرىمىزنى بۇرمىلاشقا ماھىر بولۇپ كەتتۇق. بىر نەرسە ھەققىدە مەلۇماتقا ئىگە بولغانلىقنى ئۇنىڭغا ئىگە بولدۇق دەپ ئويلاپ قالدىغان بولۇپ قالدۇق. بۇنى بەزىدە جاھالىتىمىزدىن، كۆپىنچە ۋاقتتا ئۆزىمىزچە پاراستىمىزدىن قىلىمىز.

بۇ توغرا ئەمەس. بىر نەرسە ھەققىدە مەلۇماتقا ئىگە بولۇش بىلەن ئۇ نەرسىنىڭ ئۆزىگە ئىگە بولۇش ئارىسىدا ئاسمان - زېمىن قەدەر پەرق بار. بېشىدىن ئۆتكۈزمىگىچە ھېس قىلىپ يەتكىلى بولمايدىغان بىر دۇنيانى تەسۋىرلەش، ھەسەلنى قۇتىنىڭ سىرتىدىن يالىغاندەك بىر ئىش، بۇنى بىلىمەن. بۇ سەۋەپتىن مەزكۇر ئاتالغۇلارنىڭ « مەلۇماتى » ھەققىدە ئەمەس، ئەمەلىنىڭ « سالىھ » بولىشىنى كاپالەتكە ئىگە قىلغان ئېرپان، ئىهسان ۋە تەقۋانىڭ قولغا كەلتۈرۈلىشىدە تۈرتكىلىك رول ئوينايدىغان ئامىللار ئۈستىدە توختىلىمەن.

بۇ ئامىللاردىن بىرىنچىسى، ئالدىنقى بۆلۈملەردە توختىماي تىلغا ئېلىپ كېلىۋاتقان قەلىپ، يەنى ماكان. كىچىك كائىنات بولغان ئىنساننىڭ پايتەختى...

ئىككىنچىسى، ئۈچكى بايلىقنى قېزىپ چىقىرىشتا ماكاندىن كېيىنكى ئورۇندا تۇرىدىغان ۋاقىت، بولۇپمۇ كېچە...

ئۈچىنچىسى، بۇ ماكاننىڭ مۇنبەت ھالغا كېلىشىدە مۇھىم رول ئوينايدىغان ئامىل بولغان ئېقىلىم. قايغۇ ۋە كۆز يېشى...

تۆتىنچىسى، مەزكۇر ماكان، مۇۋاپىق ئېقلىم ۋە زاماندا تېرىلغان بۇ ئۇرۇقتىن ھاسىل بولىدىغان ئەڭ شىرىن مېۋە: مېھرى - شەپقەت...

# ماكان

## قەلىپ - تەسۋىرلىگۈسىز بىر ئىمكان

« ۋۇجۇتتا بىر پارچە گۆش بار. ئۇ بۇزۇلسا پۈتۈن ۋۇجۇت بۇزۇلىدۇ. ئۇ قەلىپتۇر ».

بۇخارى نەقىل قىلغان بۇ خەۋەردىن مەلۇم بولغىنىدەك قەلىپ يارىتىلىش جەھەتتىن پاك بولىدۇ. لېكىن ۋۇجۇت مەملىكىتىنىڭ پايتەختى بولغانلىقى ئۈچۈن ئىمان ۋە روھقا ئوخشاش دوستلىرىمۇ، شەيتان، نەپسكە ئوخشاش دۈشمەنلىرىمۇ بۇ يەردە ماكانلىششقا تىرىشىدۇ.

ئىنقىلاپلار، قوزغىلاڭلار بۇ يەردە بولىدۇ. بۇ بىپايان مەملىكەتنىڭ ئەڭ روشەن ئالاھىدىلىكى ئىسمىغا يوشۇرۇنغان - قەلىپ. يەنى ئۆزگۈرۈشچان، بىر ھالدىن يەنە بىر ھالغا كىرىپ تۇرىدىغان، قىسقىسى « بىر ھالدىن يەنە بىر ھالغا ئالمىشىپ تۇرىدىغان »... ئورگان. بىر قارارىدا تۇرماسلىقى، كۆرگەنگە ئەگىشىشى، خۇددى سۇغا ئوخشاش ئىچىگە كىرگەن نەرسىنىڭ شەكلىنى ئەكس ئەتتۈرىشى، خامىلىيۇنغا ئوخشاش كىرگەن مۇھىتنىڭ رەڭگىگە ماسلىششى ئۇنىڭغا بۇ ئىسمىنىڭ بېرىلىشىگە سەۋەپ بولغان. ئىسلاھات، كونىرىماس ئېنىقلىمىسى بىلەن « ئىنقىلاب »مۇ قەلىپ بىلەن ئوخشاش بىر سۆز يىلتىزىدىن كەلگەن ئەمەسمۇ؟

ئورنى قەيەردە دەمسىز؟ بۇنىڭ نېمە ئەھمىيىتى بار؟ ئىچىمىزدىكى ئەبەدىيلىكنى قەتلى قىلغان بولساق، ئورنىنى بىلىشنىڭ نېمە پايدىسى بار؟ ياق، ئەگەر ئۇ ياشاۋاتقان بولسا سىزنى ئۆزىدىن خەۋەردار قىلىدۇ.

## يۈرەك دۆلىتى

دۇنيانىڭ بۇ ئەڭ چوڭ دۆلىتىگە ئىگە بولۇش ئۈچۈن ئالدى بىلەن مۇشۇنداق مىسلىسىز بىر ئىمكانىنىڭ بارلىقىنى بىلىش لازىم. ئىچىمىزدىكى بىپايان ۋە چېگراسىز بىر جۇغراپىيىنىڭ بارلىقىدىن خەۋەردا بولۇش كېرەك.

قۇرئاننىڭ نازىل بولۇش ئۇسلۇبى ۋە ئورنى ھەققىدە مۇنازىرىلەردە بەزى ئالىملار « ئەرش »نى قەلب دەپ قوبۇل قىلىدۇ. بۇ قاراشنى قەلب ھەققىدىكى بەزى ئايەتلەرمۇ كۈچلەندۈرىدۇ.

ماكانسىزغا ماكان بولالىغان قەلب، ئىنسانغا جان تومۇرىدىنمۇ يېقىن بولغان ئاللاھنى كۈتىۋالغۇدەك قىلىپ يارىتىلغان.

« بىز ھەقىقەتەن ئىنساننى ياراتتۇق، بىز ئۇنىڭ كۆڭلىگە كەلگەننى بىلىمىز، بىز ئۇنىڭغا جان تومۇرىدىنمۇ يېقىنمىز » ( قاف، 16 ).

« بىلىڭلاركى، ئاللاھ كىشى بىلەن ئۇنىڭ قەلبى ئارىسىغا كىرىدۇ ( ئارىسىدا توسالغۇ بولالايدۇ ) ۋە سىلەر ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا يىغىلىسىلەر » ( ئەنفال، 24 ).

بۇ تەڭداشسىز ماكان ئاللاھقا ئايرىلىپ بەيتۇللاھ ۋە ئەرشۇللاھ قىلىنمىغان بولسا، ئىمكان زايا قىلىنغان بولىدۇ. سەيرانى مۇنداق دەيدۇ:

يەرگە قاققان ئىككى ئاچماق قوزۇقتىن،

ئىككىسىدىن بىرسىگە قىلىدۇ ئۇۋۋالنى.

ئاللاھ بىر كۆكرەكتە ئىككى قەلب ياراتمىغانلىقىغا قارىغاندا ( ئەھزاپ، 4 )، بىر قەلب يا ئاللاھقا ياكى ئاللاھتىن غەيرىگە ئايرىلغان بولىدۇ. ئەگەر ئاللاھتىن غەيرىگە ئايرىلغان بولسا، بۇ ئەھۋالدا ئۇ بەيتۇللاھ ئەمەس، بەيتۇلماقام، بەيتۇلمال، بەيتۇشەھۋەت، بەيتۇنەپس ۋە ھەتتا بەيتۇششەيتان بولىدۇ.

ئىنسانلار قەلبىدىن نىشانغا ئېلىنغان بۇنداق بىر جەمئىيەتتە ئىسلامى ھەرىكەت يۈرەك دۆلىتىنى قۇرالىغان قانچە يىگىت چىقىرالايدۇ؟

« ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس، بەلكى ئۇلارنىڭ گۇناھلىرى تۈپەيلىدىن دىللىرى قارىيىپ كەتكەن » ( مۇتەففىفىن، 14 ).

بۇ قارىنى، بۇ داتنى تازىلاش ئۈنچە ئوڭايغا توختىمايدۇ. قانداق تازلايدۇ؟ ئەڭ كۆپ ئىشلىتىدىغان ئورگانلار قول، مېڭە ۋە قەلب. بۇلارنىڭ ئىچىدە ئەڭ كۆپ ئىشلىتىلگەن ئورگان قەلب. قولىمىزنى بىر قانچە ئاي يۇيمىغانلىقىمىزنى تەسەۋۋۇر قىلىپ باقايلى. كۆڭلىڭىز ئېلىشتى، شۇنداقمۇ؟ ئۇنىڭدىنمۇ بەك كۆپ ئىشلىتىدىغان قەلبىمىزچۇ؟ ئۇنى باسقان مەينەتنى سىز تەسەۋۋۇر قىلىپ بېقىڭ. بۇ كىر، قەلبىنى شۇنداق بىر ھالغا كەلتۈرىدۇكى، قەلب تاشقا ئايلىنىدۇ، قاتتىقلىشىپ كېتىدۇ، ھېس قىلمايدىغان بولۇپ قالىدۇ. بۇنىڭ قۇرئاندىكى ئىپادىسى مۇنداق:

« شۇنىڭدىن كېيىن دىلىڭلار قېتىپ كەتتى، تاشتەك ياكى تاشتىنمۇ قاتتىق قېتىپ كەتتى، تاشلار ئارىسىدا ئىچىدىن ( سۇ ئېتىلىپ چىقىپ ) ئېرىقلار ھاسىل بولىدىغانلىرى بار، يېرىلىپ ئارىسىدىن سۇ چىقىدىغانلىرىمۇ بار؛ ئاللاھتىن قورقۇپ ( تاغ چوققۇلىرىدىن ) دومىلاپ چۈشىدىغانلىرىمۇ بار ( دېمەك، تاش يۇمشايدۇ، سىلەرنىڭ دىلىڭلار بولسا يۇمشىمايدۇ ۋە تەسىرلەنمەيدۇ )، ئاللاھ قىلمىشىڭلاردىن غاپىل ئەمەستۇر » ( بەقەرە، 74 ).

بۇ ھەقىقەت شائىرنىڭ تىلىدا مۇنداق ئىپادە قىلىنغان:

تاش تاش ئەمەس باغرىڭ تاش سېنىڭ،
ئېيتقىن قەيىرىڭنى كۆيدۈرسۇن بۇ ئوت سېنىڭ.

بىر گىرانىتتۇر دېنامىت پارتىلىتالارمۇ يۈرەكلەرنى،
تەگمىسۇن بېشىڭ بىر قېتىم بۇ قەلبىكە ئەي تاش سېنىڭ.

بازغاننى قايالارغا ئەمەس قەلبىلەرگە ئۇر،
نېچۈن پەرھات قىلدى تالقان بۇنچە تاش سېنىڭ.

باشقا بىر شائىر ئازەرى بىز بولغان ئىچمىزدىكى بۇ بۇتلارنى ئەسلىتەتتى. كۆڭۈل ئەھلى بىر چەلەبىنىڭ تىلىدىن كۆڭۈلنىڭ باشقا بىر يۈزىنى مۇنداق ئىپادىلىمەكتە ئىدى:

ئىبراھىم
ئىچىمدىكى بۇتلارنى چىقىۋەت
قولۇڭدىكى پالتا بىلەن
چېقىلغان بۇتلارنىڭ ئورنىغا
يېڭىسىنى قويغان كىم
قوياش مۇز ئۆيۈمنى ئۆرىدى
يوغان مۇزلار چۈشتى
بۇتلارنىڭ بويۇنلىرى سۇندى

ئىبراھىم
قوياشنى ئۆيۈمگە كىرگۈزگەن كىم
ئاسما باغچىدا ئايلىنىۋاتقان گۈزەللەرنى

بۇھتۇنناسىر* بۇت قىلدى
بەلكىم زامانسىز باغچىلارنى قۇچاقلىدىم
گۈللەر مەندە قالدى
ئىبراھىم
كۆڭلۈمنى بۇت دەپ رەنجىتكەن كىم.

قەلبىمىزنىڭ قىبىتىپ كېتىشى رەھمەت گادايلىقى بىلەن بىۋاستە مۇناسىۋەتلىك بولمىغان بولسا، بۇ ھەقتە بۇنچە كۆپ توختالمايتتۇق:

« ئەھدىنى بۇزغانلىقلىرى ئۈچۈن ئۇلارنى رەھمىتىمىزدىن يىراق قىلدۇق ( لەنەت قىلدۇق )، ئۇلارنىڭ دىللىرىنى قاتتىق قىلدۇق...» ( مائىدە، 13 ). لەنەتكە ئۇچراشنىڭ سەۋەبى سۈپىتىدە قەلبىمىزنىڭ قىبىتىپ كېتىشىنىڭ بايان قىلىنىشى ھەقىقەتەن كىشىنى چۆچۈتىدۇ.

قەلبلەر سىناپ تۇرۇلىدۇ. كىچىك كائىنات بولغان ئىنسانىنىڭ بۇ تەڭداشسىز دۇنياسى ھەر ۋاقىت سىناقتا ۋە پىتنە – پاساتتا دۇچار بولماقتا. قۇرئان « ئاللاھ تەقۋالىق ئۈچۈن دىللىرىنى سىنىغان كىشىلەر » ھەققىدە بايانلار بېرىدۇ. بولۇپمۇ، كۈندۈزى بولمىغان بىر قاراڭغۇ كېچىنى يۈرىكىگە سىڭلۈۋالغان دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدىغان « قاساۋەت »، ئاخىرىدا ھىدايەتنىڭ، قەلبىمىزنىڭ يېقىلغۇسى بولغان ھىدايەتنىڭ پۈتۈنلەي ئۈزۈلىشىگە سەۋەپ بولماقتا:

« خەتەمەللاھۇ ئەلا قۇلۇبىھىم ( ئاللاھ قەلبلىرىنى پېچەتلىۋەتتى » ( بەقەرە، 7 ؛ ئەنئام، 46 ).

ئارخىپ تاماملانغان، پېچەتلىنىپ ۋە قول قويۇلغاندى. پېچەتلىۋەتكۈچىدىن باشقىسى ئاچالمايتتى ئۇ پېچەتنى. باغرى قىبىتىپ كېتىش قەلبىمىزنىڭ پالاكىتى، پېچەتلىنىش بولسا قىيامىتىدۇر. قەلبىتىن ئىبارەت بۇ تەڭداشسىز زېمىننى قولدىن بېرىپ قويغۇچى، دۆلەت قۇشىنى يۈرتىدىن قوغلىۋەتكەن بولىدۇ. بۇ ھالغا چۈشۈپ قالماسلىقىمىزنىڭ ئەڭ ساغلام يولى « ئىچكى ئۇرۇش »تۇر.

---

* مىلاددىن بۇرۇنقى 603 – يىلى ئۆتكەن ئاسۇر دۆلىتى مەجۇسى پادىشاھى.

# ئىچكى ئۇرۇش

ئىنسان ھاياتىدىكى ھەر قانداق ئۇرۇش ئۆتكۈنچى، ئىچىدىكى ئۇرۇش ئەبەدىي بولىدۇ. چۈنكى ھەر دۈشمەننىڭ بىر كۈنى دوست بولۇش ئېھتىمالى بار، لېكىن شەيتاننىڭ ئىنسانغا دوست بولۇش ئىمكانى ۋە ئېھتىمالى يوق.

شەيتان ئۇرۇشتا ئالدى بىلەن يۈرەكتە مەغلۇپ بولدى، ئاندىن جەننەتنى قولدىن بېرىپ قويدى. جەننەتتىن ئايرىلىپ قېلىشىنىڭ سەۋەبىنى ئاللاھ ۋە ئىنسان دەپ قارىدى:

ئىبلىس ئېيتتى: « سېنىڭ مېنى ئازدۇرغانلىقىڭدىن ئۇلار ( ئادەم ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادىغا ۋەسۋەسە قىلىش ) ئۈچۈن چوقۇم سېنىڭ توغرا يولۇڭ ئۈستىدە ئولتۇرىمەن » ( ئەئراف، 16 ).

بۇ ئايەتتە كۆرستىلگەندەك شەيتان سىراتى مۇستەقىم ئۈستىدە ئولتۇرىدۇ. شەيتان توغرا يول ئۈستىدە ئەگرى ئولتۇرغانلىقتىن، ئىنساننىڭ توغرا يول ئۈستىدە بولىشى كۇپايە قىلمايدۇ. توغرا يولدا توغرا مېڭىشى كېرەك. قۇرئان ئەمدى شەيتان ئىنسانلارغا ئاچقان جەڭ مەيدانلىرىنى مۇنداق بايان قىلىدۇ:

« ئاندىن ئۇلارغا چوقۇم ئالدىدىن، ئارقىسىدىن، ئوڭىدىن، سولىدىن ھۇجۇم قىلىمەن، ئۇلارنىڭ كۆپچىلىكىنىڭ ( نېمىتىڭگە ) شۈكۈر قىلغۇچىلار ئەمەسلىكىنى كۆرىسەن » ( ئەئراف، 17 ).

جەڭنىڭ كۆلىمى دۈشمەننىڭ ئۆچمەنلىك دەرىجىسى، نەپرىتى ۋە كۈچىگە ماس ھالدا چوڭىيىدۇ. شەيتاننىڭكى بولسا بىر قۇيرۇق ئازابى بولۇپ، بۇ ئازاپ تاكى قايتىدىن تىرىلدىغان كۈنگىچە ( ئەئراف، 14 ) توختىمايدۇ. بۇ ئەشەددى ۋە ئەڭ قەدىمى روشەن دۈشمەن ( ئادۇۋۇن مۇبىن ) ئىنسانغا شۇنداق كۆپ تەرەپتىن ھۇجۇم قىلغان بولۇپ، ئىنسان بۇ ھېچ ئۇخلىمايدىغان، ئارام ئالمايدىغان دۈشمەنگە قارشى بەك سەگەك بولىشى ۋە ئۆمۈر بويى داۋام قىلىدىغان بىر ئىچكى ئۇرۇش ئېلىپ بېرىشى كېرەك.

ئالدى تەرەپتىن كېلىشى، ئىنسان مۇۋازىنىتىنى دۇنيا زىيىنىغا قاراپ بۇزۇشى ئۈچۈن بولۇپ، ئىنساننى ئۆزگە ئامانەت قىلىپ بېرىلگەن دۇنيادىن ئايرىشنى مەقسەت قىلىدۇ. كىلاسسىك چۈشەندۈرۈشلەرمۇ بۇ قاراشنى كۈچلەندۈرمەكتە.

ئارقا تەرەپتىن يوشۇرۇن كېلىشى، ئىنسان مۇۋازىنىتىنى ئاخىرەت زىيىنىغا ۋە دۇنيا پايدىسىغا بۇزۇۋىشى ئۈچۈن بولۇپ، مال – مۈلۈك، ئايال، بالا - چاقا، ھوقۇق ۋە باشقا دۇنياۋى نەرسىلەرنى چىرايلىق كۆرسىتىشى نەزەردە تۇتۇلغان.

سولدىن كېلىشى، سول تەرەپتىن ئەمەس، بەلكى سوللاردىن يەنى ھارام قىلىنغان، چەكلەنگەن نەرسىلەرگە مايىل قىلىشى بولۇپ، ئەبەدىي ۋە ئەشەددىي دۈشمىنى بولغان ئىنساننى ئاللاھ بەلگىلىگەن چېگرالاردىن ھالقىپ ئۆتۈشكە، ھەددىدىن ئاشقۇچىلاردىن بولۇشقا كۈشكۈرتىشى، بۇنى قىلغاندا يوقىلاڭ باھانە تېپىپ، ئىنسان بىلەن بىر تەرەپتە تۇرغاندەك كۆرۈنۈشنى كۆرسىتىدۇ:

شەيتان ئېيتتى:« رەببىڭلارنىڭ سىلەرگە بۇ دەرەخنىڭ مېۋىسىنى يېيىشنى مەنئى قىلغانلىقى پەقەت سىلەرنىڭ پەرىشتە بولۇپ كەتمەسلىكىڭلار ياكى ( جەننەتتە ) مەڭگۈ تۇرۇپ قالماسلىقىڭلار ئۈچۈندۇر ۋە مەن چوقۇم سىلەرگە سادىقمەن، دەپ قەسەم ئىچىپ بەردى » ( ئەئراف، 20، 21 ).

ئوڭدىن كېلىشى، ئەڭ خەتەرلىك بولغىنى بۇ بولسا كېرەك. ئىنساننىڭ ياخشى ئەمەللىرىنى، ھەساناتىنى « سالىھ ئەمەل » گە ئايلاندۇرماسلىق ئۈچۈن كىبر، رىيا، پەخىرلىنىشكە ئوخشاش پارازىتلار بىلەن بۇزۇۋىشى ئۈچۈن بولۇپ، ئىنسان تىرىشىپ، جاپا تارتقانلىقىغا چۈشلۈق بىر نەرسىگە ئىگە بولماسلىقى، يەنى ئەمەلىنىڭ « بىكار » بولۇپ كېتىشىگە ۋەسىلە بولۇش ئۈچۈن ئوڭدىن كېلىدۇ. بۇ ئارقىلىق ئەڭ پايدىلىق ئەمەللەرنىڭ ئىچىگە تاشلاپ قويغان مىكروپلار بىلەن ئۇلارنى ئىگىسى ئۈچۈن ئەڭ زىيانلىق نەرسە ھالىغا كەلتۈرۈپ قويىدۇ. بۇلارنى قىلغاندا « داۋاملىق يامان ئىشلارغا بۇيرۇۋېدىغان » ( يۇسۇف، 53 ) نەپسىنى ئۆزىگە ياردەمچى قىلىدۇ، يامان قىلىق، پاسكىنا ئىشلارغا ئۇنى مايىل قىلىدۇ... ھەمدە يەر يۈزىدىكى دوستلىرىنى ( ئەۋلىياھۇش شەيتان )، ئەۋلىيالىرىنى ( ئەئراف، 27 )، « ئاللاھنى قويۇپ، شەيتانلارنى دوست تۇتقانلار... »نى ( ئەئراف، 30 ) ئۆز ئارىسىدا تەشكىللەپ بىر شەيتان پارتىيىسى ( ھىزبۇش شەيتان ) قۇرۇپ ۋە بۇ پارتىينىڭ ۋاستىسى بىلەن مۇئمىنلەرگە قارشى شەيتانى بىر سىياسەت ئىشلىتىپ، ئۇلارنى پايلاپ تۇرىدۇ ۋە ئۇلارنى پادا ھالىغا كەلتۈرۈپ قويۇۋشقا تىرىشىدۇ...

ئىچكى ۋە تاشقى تەرەپتىن تەشكىللىك ھالدا ھۇجۇمغا ئۆتكەن بىر دۈشمەننىڭ تۈنجى ۋە ئەڭ ئاخىرقى ھۇجۇم نىشانى كىشىنىڭ ئىمانى، ئىماننىڭ ماكانى بولغان قەلبىتۇر. بۇ دۈشمەنلەر قەلبىنى ئىمانغا زىندان قىلىپ، ئۇ يەرنى ئىنساننىڭ ئەبەدىي نىجادلىقىغا ياردەم قىلالمايدىغان مال – مۈلۈك، ھوقۇقتا ئوخشاش نەرسىلەر بىلەن تولدۇرۇشقا تىرىشىدۇ.

بۇ ئەھۋالدا پۇرسەتنى قولدىن بەرمەي بىر ئىچكى ئۇرۇش باشلاش زۆرۈر. بۇ ئۇرۇشنىڭ ئۆمرى بىر قانچە ئاي ياكى بىر قانچە يىل ئەمەس، بىر ئۆمۈر بولىشى كېرەك. داۋاملىق ھۇجۇمغا ئۇچراپ خاراپ بولغان ئىمان ۋە ئۇنىڭ ماكانىنى بۇ ھۇجۇملاردىن قۇتقۇزۇش ۋە مۇداپىئە قىلىش، ئۇ يەرنى ئازاد رايۇن ھالىغا كەلتۈرۈش ۋە ئىمان ھاكىمىيىتىنى تىكلەش كېرەك.

بۇ ماكانغا سالىھ ئەمەللەردىن مۇھاپىزەتچىلەر، قاراۋۇللار قويۇلىشى كېرەك. ئىچىمىزنىڭ ئاھالىسىنى ئورنىدىن تۇرغۇزۇشىمىز ۋە ئەڭ باشتا ئىچىمىزدىكى دۇنيادا پىتنە يوقالغان، دىن پەقەت ئاللاھقا خاس بولغىچە بۇ ئۇرۇش داۋام قىلىشى لازىم. ئاندىن كېيىن، ئۇ يەردە قۇرۇلغان « يۈرەك دۆلىتى »نى بىلەكلەرگە، زېمىنغا، جۇغراپىيەلەرگە كېڭەيتىشىمىز كېرەك.

ئاسارەت ئەسلىدە ئىچىمىزدە...

شەيتان ۋە ئۇنىڭ ئەسكەرلىرى بىزنى ئەڭ باشتا يۈرىكىمىزدە ئەسىر ئالدى. ئىشغال ئاستىدىكى بىر يۈرەك، بىر مېڭە بىلەن قايسى زېمىننى قۇتقۇزۇشقا ئاتلىنىسىز؟ ئىمانىمىزنى يۈرەكلەرگە قاماپ قويدى. يەر يۈزىنىڭ پىرئەۋنلىرى بىزنى ئەڭ باشتا يۈرەكلىرىمىزدە مەغلۇپ قىلدى. شۇڭا قولىمىز ئىمان ھاكىمىيىتى ئاستىدىن چىقىپ كەتتى. كۆزىمىز، قۇلىقىمىز، زېھنىمىز، ئېڭىمىز ئىمان ھاكىمىيىتىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىن چىقىپ كەتتى. بۇ ئەزالىرىمىز ئىمان ھاكىمىيىتى ئاستىدىكى ئەركىنلىكىنى يوقۇتۇپ قويىدى. ئۇلار ئىمانىمىزنىڭ ھاكىمىيىتىنى تارتىۋېلىپ ئۇنى ئاختا قىلدى. ئىمانغا ساراي قىلىپ يارىتىلغان قەلبىمىز ئۇنىڭغا زىندان، مازار بولدى. « دىن بىر ۋىجدان ئىشى » شۇئارى بىلەن يولغا چىققان ئىمان دۈشمەنلىرى مەدەنىيىتى، مائارىپى، تاراتقۇلىرى ۋە شەيتانى ئويۇنلىرى بىلەن چوڭ بىر دىۋىنى ئالائىددىننىڭ لامپىسىغا مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا كىرگۈزۈۋېتەلىدى.

ئۇلار ئىمان كۈچىنى بىلىپ يەتتى. ئۇلار ئۇنىڭ مەجبۇرى سولىۋېتىلگەن يەردىن چىقىپ قالسا، ئۇنى تىزگىنلەشنىڭ مۇمكىن بولمايدىغانلىقىنى ئوبدان بىلىدۇ. شۇڭا ئۇنى مەھكۇم قىلىش ئۈچۈن نېمە كېرەك بولسا شۇنى قىلىدۇ،

ھەر قانداق شەيتانى پىداكارلىقتىن قاچمىدى ۋە قاچمايدۇ. ئىمانغا ئادەتتىكى زەنجىرنى سالمايدۇ. ئۇ زەنجىر ئالتۇندىن ياسالغان، كۆركەم سەنئەت ئەسىرى، ھەتتا بەزىدە ئەڭ يېڭى تېخنىكا مۆجىزىسى بولىشى مۇمكىن؛ ئۇ زەنجىر كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ.

بۇنى پەرق قىلالىغۇدەك پاراسىتىڭىز بولسا، ئۇنى قۇللۇق زەنجىرى سۈپىتىدە ئەمەس، خوجايىنلىرى ھەدىيە قىلغان مارجان دەپ سىزنى ئۇنىڭغا ئىشەندۈرۈشكە تىرىشىدۇ. ئۆزىنىڭ ھاۋايى ھەۋىسى ئۈچۈن خىزمەت قىلمىغان كىشىنى « دەۋا »، « خىزمەت »، ھەتتا « دىن » نامى بىلەن ئۆزىگە خىزمەت قىلدۇرىدۇ. ئۇلار سىېغىشنى، مىنىشنى ۋە يۈك ئارتىشنى ناھايىتى ياخشى بىلىدۇ.

ئەگەر كۆرۈنگەن ۋە كۆرۈنمىگەن، « قىممەت »لىك ۋە تايىنى يوق نەرسىلىرى بىلەن ئىمانىمىزغا سېلىنغان بۇ زەنجىرلەرنى ئۈزۈپ تاشلىيالىساق، ئۇ ۋاقىتتا ئىمانىمىز بىزگە مەشئەل، كۆڭلىمىزگە نۇر، تىزىمىزغا ماغدۇر، تىلىمىزغا پەرمان بولىدۇ. يىغىنچاقلىغاندا، ئىمان « ئىمان » بولىدۇ.

بۇلغىنىش ۋە كىر ئىچىمىزدە. ئالدى بىلەن ئىچىمىزنى، ئاندىن ھاۋامىزنى كىرلەتتى. ئىچىمىزنىڭ مۇھىت ئاسرىغۇچىلىرى يوق بولدى. ئەتراپىمىزدىكىلەر ھاۋا ۋە مۇھىتنى پاكىز تۇتۇشقا مۇۋەپپەق بولسىمۇ، ئىچىمىزنى تازىلاش ئۈچۈن ئۇلار ھەرىكەتكە ئۆتەلمەيدۇ، ئەكسىچە تېخىمۇ كىرلىتىدۇ. سىستېمىلىرى، مائارىپى، ئۇچۇر - ئالاقە ۋاستىلىرى، مەدەنىيىتى، دىنى تەشۋىقاتلىرى، بۇتلىرى بىلەن ئىچكى دۇنيامىزنى كىرلىتىدۇ. ئەگەر بىز ئۆز تۇزۇمىمىزنى قۇرۇپ چىقمىساق، ئۇلار ئۆزىنىڭ مىزانىسىز تۈزۈملىرىنى يۈرىكىمىزگىچە كىرگۈزىدۇ. ھەقىقىي پالاكەت مانا بۇ ۋاقىتتا باشلىنىدۇ.

كۆچ ئىشلىتىپ قۇرغان، ئېزىپ، ئۇرۇپ - چېقىپ، ئېسىپ - ئۆلتۈرۈپ قۇرغان تۈزۈملىرىدىن قورقماڭ. قورقماڭ، چۈنكى « زۇلۇم قىلغۇچىلار، قانداق ئاغدۇرۇپ تاشلىنىدىغانلىقىنى ۋاقتى كەلگەندە بىلىپ قالىدۇ » ( شۇئەرا، 227 ). ئەسلىدە قورقۇشقا تېگىشلىك نەرسە، بۇ تۈزۈملىرىنى قەلبىمىزگىچە يەرلەشتۈرۈشى بولۇپ، ۋۇجۇدنىڭ پايتەختىنى ئىشغال قىلىپ، قول، پۇت، كۆز، قۇلاق، باش ۋە بىلەككە ھۆكۈمران بولىشى ۋە بۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئۆزلىرى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇشى ئەڭ خەتەرلىك بىر ئەھۋال. مەسىلەن: كاپىتالىزم دەپ ئاتالغان زۇلۇمنىڭ ئىقتىسادنى باشقۇرۇشىدىن قورقمايمەن.

لېكىن بۇ مىكروبنىڭ قەلبىمىزگىچە كىرىپ، ئەقلىمىز، چۈشەنچىمىز، ھەرىكىتىمىز ۋە مۇئامىلىمىزدە ئۆزىنى نامايەن قىلىشىدىن قورقىمەن.

بۇلار بولمىدىمۇ، بولمايۋاتامدۇ؟ دىنى ئىسلام بولۇپ، ئەخلاقى كاپىتالىست بولغانلار يوقمۇ؟ ئىسلام ئەقىدىسىنى قوبۇل قىلىپ، كاپىتالىزم ئەقلى بىلەن ئۆزىنى خەتەرگە ئاتقانلار يوقمۇ؟ كىم بىلىدۇ، مۇئامىلە ۋە پوزىتسىيىمىز، ئويدان مۇلاھىزە قىلىنغان ۋاقىتتا، بەلكىم بىزمۇ بۇلار قاتارىدىن ئورۇن ئالغان بولۇشىمىز مۇمكىن. مەسىلەن، بىر – بىرىمىزنى خەجلىۋېتىش، خۇددى پارچە پۇلنى خەجلىگەندەك خەجلىۋېتىش ئادىتىمىز، مېھرى – مۇھەببەت، كۆڭۈل بۆلۈش، تەرەپ تۇتۇش، بىلىم، سەمىمىيەت، خۇلاسە كالام، دىنى ۋە ئەخلاقىي قىممەتلەرنى ساتقىلى ۋە سېتىۋالغىلى بولىدىغان ھالغا كەلتۈرۈپ قويۇش قابىلىيىتىمىز؛ ئىسلامنىڭ ئۇلۇغۋار غايىلىرىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئۈچۈن بەلگىلىگەن بەزى پرىنسىپلىرىنى پايدا ئېلىپ كېلىدىغان بىر دەسمىيگە ئايلاندۇرۋېلىش ئارزۇيىمىز؛ ئىنسانىنى، ئىنسانىمىزنى ھەتتا ئۆزىمىزنى بىر دەسمايە قىلىپ ئىشلىتىشتەك بەختسىزلىكىمىز؛ بىر ھايات كىتابى بولغان قۇرئاننى، بىر ھايات دەستۇرى بولغان ئىسلامنى ۋە بىر ھايات رەسۇلنى ( ئۆرنەكلىك رولى جەھەتتىن ) دەسمىي قىلىپ، بازاردىكى تەنزەكەش سودىگەرگە ئوخشاش سېتىشتەك قۇۋۇلقىمىز... ئەجىبا بۇ دائىرىگە كىرمەسمۇ؟

ئەسلىدە ھەقىقىي قورقۇشقا تېگىشلىك بولغان مانا بۇلار. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ تۈزۈملىرىنى يۈرەكلىرىمىزگىچە كىرگۈزۈش ئۈچۈن ھەر يولنى سىناۋاتىدۇ. لېكىن بۇنداق بىر ئىشغالىيەتكە بىز مۇسۇلمانلار رازى بولماسلىقىمىز كېرەك. يۈرەك ئىشغال قىلىپ، ئۇنىڭ ئورنىغا بىزگە ۋەدە قىلغان دۇنيالىقلارنى ۋاقتى ۋە ئۆز جايىدا يۈزىگە ئۇرۇشنى بىلىشىمىز كېرەك.

ئىمانىمىزنىڭ مەينەتچىلىك ئىچىدە تولغۇنىشىغا، ئاسارەت ئاستىدا ئېگىرىشىغا، ھۆكۈمرانلىقىنىڭ قولىدىن كېتىشىگە سۈكۈت قىلماسلىقىمىز لازىم. شېرىكنىڭ ھەر خىلىنى رەت قىلىشىمىز كېرەك. شېرىك ئىچىدىكى ھەق بىزنى ئالدىمىسۇن. شۇنى بىلىشىمىز كېرەككى، شېرىكنىڭ ئېنىقلىمىسى، ئىچىدە ھەق بولغان باتىل بولىدۇ. ئىچىدىن « ھەق » ئېلىۋېتىلگەن باتىل شېرىك ئەمەس، ئىلھاد ( دىندىن چىقىش ) دەپ ئاتىلىدۇ. بارلىق يالغان ئىلاھلارنى رەت قىلىشىمىز كېرەك. بىزگە رەببىمىز يېتەرلىك بولۇشى لازىم. قۇرئانمۇ مۇشۇنداق سوراۋاتامدۇ بىزدىن: « ئاللاھ بەندىسىگە يېتەرلىك ئەمەسمۇ؟ »

( زۇمەر، 36 ). يېتىدۇ، يېتىدۇ ئەلۋەتتە. ئەگەر مۇشۇنداق قىلساق، ئىمانىمىز ھۆر بولىدۇ، ھۆر بولغانسېرى ئىمانىمىز كۈچىيىدۇ.

بۇنى دەريادەك ئاققان كۆز ياشلىرىمىز بىلەن يۈرەكلىرىمىزنى يۇيۇپ تۇرۇپ قىلىمىز. پىكىر، زىكىر، شۈكۈر، ئېرپان، ئىھسان، تەقۋا بىلەن قىلىمىز، دۇئا بىلەن قىلىمىز.

شۇنداق، دۇئا بىلەن قىلىمىز. چۈنكى ئۇ مەۋجۇدلۇق سەۋەبىمىز:

« ئېيتقىنكى، ئەگەر سىلەرنىڭ دۇئايىڭلار بولمىسا، رەببىم سىلەرگە پەرۋا قىلمايدۇ،...» ( فۇرقان، 77 ).

دۇئا بىر دەۋەت، بىر چاقىرىقتۇر. ئۇسلۇبىغا مۇۋاپىق شەكىلدە قىلىنسا، ئۇ چاقىرىق ئىجاۋەت بولىدۇ. بىر قانچىمىز دۇئا قىلىش ئۇ ياقتا تۇرسۇن، بىلمەستىن ئۆزىگە بەددۇئا قىلىدۇ. قانداق قىلىپ دەمسىز؟ شەيتاننى ئىشلىرىغا ئارىلاشتۇرۇپ، يۈرەك سىگناللىرىنى ۋەسۋەسە دېگەن پارازىت بىلەن بۇزۇش ئارقىلىق قىلىدۇ. ئېنىق قىلىپ ئېيتقاندا، شەيتاننىڭ مۇشۇنداق قىلىشىغا يول قويۇش ئارقىلىق ئۆزىگە بەددۇئا قىلىدۇ.

يۇقىرىدا تىلغا ئالغان ئەمەللەرگە ئېرىشكەن ۋاقتىمىزدا « ئىنقىلاپ » ئىچىمىزدە ۋۇجۇدقا چىقىدۇ، يۈرەك دۆلىتىمىزدە ئىمان ھاكىم بولىدۇ. يەنى يۈرىكىمىز دارۇل ئىسلامغا ئايلىنىدۇ. بىپايان ۋە سىنىپتىن خالىي يۈرەك دۆلىتىمىزدە بىر ئەزاسىنمۇ سىرىتتا قالدۇرماي مېھمان قىلىمىز ئىسلام ئۈممىتىنى.

بۇ ئارقىلىق ۋەھدەت ( بىرلىك )نى ئەڭ باشتا ئىچىمىزدە ۋۇجۇدقا كەلتۈرىمىز. ۋەھدەت سودىگىرى ئەمەس، ھەقىقىي مۇۋاھھىد بولىمىز ۋە يۈرىكىمىز ئاللاھقا لايىق بىر ھالغا كېلىدۇ. « بەندىسىگە جان تومۇرىدىنمۇ يېقىن بولغۇچى »نى « تەكلىپ » قىلىمىز. « ئەي ماكاندىن خالىي بولغان زات! سەن ئۈچۈن ئىستىغفارلىرىم بىلەن تازىلاپ، كۆز ياشلىرىم بىلەن يۇيۇپ، زىكىر ۋە تەسبىھ بىلەن بېزەپ، ئىلىم، ئېرپان ۋە ھېكمەت بىلەن سەرەمجانلاشتۇرۇپ، تەقۋا ۋە ئىھسان بىلەن يورۇتقان يۈرىكىمگە قەدەم تەشرىپ قىلغىن » دەيمىز. ئۇ ۋاقىتتا شائىرنىڭ بۇ شېئىرىنى چۈشىنەلەيمىز:

سۆر چىقار دىلدىن غەيرىنى، ئاندا تەجەللى قىلار ھەق،
پادىشاھ قونماس سارايغا ھوجرا بىنا بولماستىن.
ۋە
پاكىزلا كۆڭۈل ئۆيىنى

## يار كېلىدۇ قونغىلى

دېگەن يۈنۈسقا سالام يوللايمىز. ئەلۋەتتە، ئاللاھ ئۇ ۋاقىتتا رەھمىتى، مەغپىرىتى بىلەن كېلىدۇ، تەجەللىسى بىلەن بىزنى تويۇندۇرىدۇ.

پاك قەلبىپ مانا شۇ ۋاقىتتا ۋۇجۇدقا كېلىدۇ. ئەگەر ئىچىمىزدىكى بوران تاشقا ئايلانمىغان بولسا، تىنجىيدۇ. كۆڭۈل ئوكيانۇسىدا تىنچلىق ھۆكۈم سۈرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئىچىمىزدىكى دۇنيانى بايقاش يېڭىدىن باشلىنىدۇ:

« بۇلار ئىمان ئېيتقانلار بولۇپ، ئۇلارنىڭ دىللىرى ئاللاھنى ياد ئېتىش بىلەن ئارام تاپىدۇ، بىلىڭلاركى، دىللار ئاللاھنى ياد ئېتىش بىلەن ئارام تاپىدۇ » ( رەئد، 28 ).

مانا بۇ ئىچكى ئۆرۈشنىڭ غەلبىسى. ئەمدى يۈرەك دۆلىتى قۇرۇلۇپ بولغاندى. ئۇنى قۇرۇپ چىقىش بىر ئىچكى ئۆرۈشنى تەقەززا قىلسا، قوغداش ۋە سىرتتا كېڭەيتىش مىڭ ئۆرۈشنى تەلەپ قىلىدۇ. توختىماقچى بولسىڭىزمۇ توختىيالمايسىز ئەمدى. ئىچىڭىزدىكى سائادەتنىڭ يەنە بىر ئىسمى بولغان يۈرەك دۆلىتىنى ياشاۋاتقان دۇنياغا ھاكىم قىلىش ئۈچۈن قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلارنى يۈرىكىڭىز سىزگە مەسلىھەت سېلىپ ئولتۇرمايدۇ ئەمدى. ئەزالىرىڭىز ئۇنىڭغا ئۆكتى قويىقان تەقدىردىمۇ، ئەقلىڭىز ئۇنى تەستىقلىمىسىمۇ، ئۇ ئۆزىگە خاس ئۇسلۇپ ۋە ئىمكانلىرى بىلەن ۋەزىپىسىنى ئادا قىلىدۇ. سىزمۇ بىلىسىز، كۆڭۈل پەرمانىغا قۇلاق سالمايدۇ.

يۈرەككە خاس ئىمكانلارنىڭ ئەڭ ئالدىدا دۇنيانىڭ ئەڭ زىل ۋە تەرەققىي قىلغان رادارى دېسىڭىزمۇ بولىدىغان سەزگۈرلۈك ۋە پاراسەت كېلىدۇ. ھەممىگە مەلۇم بولغاندەك كۆزدىن باشقا، باشقا بىر كۆز ھەققىدە توختالغان كىتاپنىڭ بايانىغا قۇلاق سالايلى:

« ھەقىقەت شۇكى، كۆزلەر كور بولمايدۇ، لېكىن كۆكرەكلەردىكى قەلبلەر كور بولىدۇ » ( ھەج، 46 ).

بۇ دولقۇن تارقاتقۇچىڭىز ئارقىلىق قانچىلىك يىراقتا بولسىڭىزمۇ، قەتئىينەزەر بىر دوستىڭىزغا مۇھەببەت سىگناللىرىنى ئەۋەتەلەيسىز. مۇناپىقلىق ۋە نىفاق ئادەت ھالىغا كېلىپ قالغان بىر جەمئىيەتتە ھەقىقىي مۇئمىننى بۇ رادارىڭىز ئارقىلىق تونۇيسىز. بۇ ئارقىلىق ئاللاھنىڭ كائىنات ئايەتلىرىنى ( زارىيات، 20 )، ئۆزىڭىزدىكى ئايەتلەرنى ئوقۇيسىز ( زارىيات، 21 ) ۋە ئۇلار ھەققىدىكى مەلۇماتقا ئىگە بولىسىز.

بۇ بىلمنى « كىتابى مەستۇر »نىڭ ئايەتلىرى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ « ھېكمەت »نى تاپىسىز. ئۇ ۋاقىتتا « كىمگە ھېكمەتتىن بىر نېسىۋە بېرىلگەن بولسا، ئۇنىڭغا كۆپ ياخشىلىق ئاتا قىلىنغان بولىدۇ » ( بەقەرە، 269 ) ئىكەنلىكىنى بىلىپ يېتىسىز.

مانا بۇ ۋاقىتتا قانچە زاماندىن بېرى سىگنال تارقىتىشتىن توختاپ قالغان يۈرىكىڭىز ئىشقا كىرىشىدۇ. ئىچىڭىزدىكى دۇنيانىڭ ئەڭ زىل رادارى ئاسمان ۋە زېمىننىڭ ساۋاپ كۆرۈنۈشلىرىنى ئىزدەپ تېپىپ يۈرەك ئارخىپىمىزدا ساقلايدۇ. بۇ ۋاقىتتا، پەقەت بىلىپلا قالماستىن چۈشىنىسىز ( ئېرىپان )، نەزەر سېلىپلا قالماستىن كۆرۈپ يېتىسىز ( بەسىرەت ).

ھەر ئايەت ئىچىڭىزدە يېڭى ئۇپۇقلار ئاچىدۇ. « ئاللاھ كۆكسىنى كەڭ قىلغان، رەببىنىڭ نۇرى ئۈستىدە بولغان » ( زۇمەر، 22 ) بىرىگە ئايلىنىسىز. ئەڭ تەرەققىي قىلغان خەۋەرلىشىش ئاپاراتى، تېلېفۇن، تېلېكس، تېلېفاكس ۋە تېل بىلەن باشلىغان قانچىلىك نېمە بولسا، ھەممىسىدىن ئۈستۈن تۇرىدىغان ئىمكانىنى ئاكتىپ ھالغا كەلتۈرگەن بولىسىز. رەببىڭىز بىلەن ئوتتۇرىڭىزدىكى مۇناسىۋەتنى ئۇ زىل ئۈسكىنە بىلەن تەكشۈرىسىز. ئۇ سىزنى دائىم ئاگاھلاندۇرۇپ تۇرىدىغان ئاپتوماتىك تىزگىنەككە ئايلىنىدۇ.

چۈملىنىڭ ئاياق ئاۋازىدىنمۇ تىۋىشسىز ھالغا كەلگەن شېرىكنىڭ ئاياق تىۋىشىنى ئاڭلىيالايسىز، بارلىق ماھارەتلىرىنى ئىشلىتىپ، نىقاپلىرىنى تاقىغان ھالدا كەلگەن نىفاقنى بۇ رادار بىلەن تونۇۋالالايسىز. قۇلىقىڭىزغا رەببىڭىزنىڭ ئىسمى كەلگەن ۋاقىتتا ئۇنىڭ كۆرسەتكۈچى ھەرىكەت قىلىشقا باشلايدۇ. ئاللاھنىڭ ئايەتلىرى تىلاۋەت قىلىنغان ۋاقىتتا، ئالماستىن ياسالغان بىر تامغا دۈچ كەلگەندەك سىزنى « تاققىدە » جايىڭىزدا توختىتىدۇ:

« پەقەت ئاللاھ ياد ئېتىلسە دىللىرىدا قورقۇنچ پەيدا بولىدىغان، ئاللاھنىڭ ئايەتلىرى تىلاۋەت قىلىنسا ئىمانى كۈچىيىدىغان، رەببىگە تەۋەككۇل قىلىدىغان كىشىلەرلا ( كامىل ) مۇئمىنلەردۇر » ( ئەنفال، 2 ).

# ۋاقىت

## كېچە ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىش

كېچىسىنى تىرىلدۈرمىگەن كىشىنىڭ كۆڭۈلى ئۆلگەن بولىدۇ.
كۆڭۈلىنىڭ يىگىتى بولۇش ئۈچۈن كېچىنىڭ ئابىدى بولۇش لازىم.
ئىچكى بايلىقىنىڭ قېزىپ چىقىرىلىشىدا ماكاندىن قالسا ئىككىنچى ئورۇندا تۇرىدىغان ئامىل ۋاقىتتۇر. كېچە ۋە كۈندۈز ھەر ئىككىسى ئوخشاشلا ئاللاھنىڭ. ئىچكى بايلىقىنىڭ قولغا كەلتۈرۈلىشىدە ئەڭ مۇۋاپىق پەيت بولغان كېچىدىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىشىمىز لازىم. چۈنكى ئاسمان ئۈستىدىكى يېپىنچىسىنى كېچىدە ئېلىپ تاشلايدۇ. ئەمەللەر كېچىدە ئاللاھ ھوزۇرىغا سۇنۇلىدۇ.
دەۋرىمىز ۋاقىت چۈشەنچىسى بىلەن ئىسلامنىڭ ۋاقىت چۈشەنچىسى بىر – بىرىگە تۈپتىن زىت كېلىدۇ. بۇ زىتلىق ۋاقىتنى ئىشلىتىشتىمۇ روشەن ھالدا ئىپادىلىنىپ تۇرىدۇ. ئاللاھ قۇرئاندا ۋاقىتنىڭ پەرقلىق تىلىملىرىنى تىلغا ئېلىپ قەسەم قىلىدۇ: « ۋەل ئەسر، ۋەل لەيل، ۋەس سۇبھ، ۋەد دۇھا ( ئەسىر ۋاقتىغا، كېچىگە، سەھەرگە، چاشگاھ ۋاقتىغا قەسەمكى ) » دېگەندەك...
بۇ قەسەملەر، ۋاقىتنىڭ ئىززىتىنى ئىلاھىي تىل بىلەن تەستىقلىغانلىقىنىڭ ئىپادىسى. ۋاقىت قىممەتلىك، قانچىلىك كۆپ بولىشىدىن قەتئىينەزەر قىممىتىنى يوقۇتۇپ قويمايدۇ. بۇ نوقتىدىن خۇددى سۇغا ئوخشايدۇ. ۋاقىت ھاياتتۇر. ۋاقىتنى ئىسراپ قىلىش ھاياتنى ئىسراپ قىلغانلىق، يەنى ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالغانلىق بولىدۇ. بۇ ھەقىقەت ھاياتنى پارچە پۇلنى خەجلىگەندەك ئىسراپ قىلغانلارغا ئاللاھتىن ئۈمىدىنى ئۈزمەسلىك تەۋسىيە قىلىنغان بۇ ئايەتتە مۇنداق تەسۋىرلەنگەن: « ئەسرافۇ ئەلا ئەنفۇسىھىم ( نەپسىنى ئىسراپ قىلغانلار ) » ( زۇمەر، 53 ).
كۈنىمىز زامان چۈشەنچىسى مەشھۇر ئېنىقلىمىسىغا ئاساسەن ئاخشامنى

ئاساس قىلدۇ، بۇ يارىتىلىش پىترىتىگە زىت. ئاللاھ بەلگىلىك مەقسەت بىلەن ياراتقان كېچىنى يارىتىلىش مەقسىتىنىڭ سىرتىدا ئىشلىتىش كۆنىمىز ئىنسانىنىڭ ئادىتىگە ئايلاندۇرۇلدى.

ئىسلام چۈشەنچىسىدە ۋاقىت تەبىئىيتىگە ئەڭ مۇۋاپىق شەكىلدە ئىشلىتىلىدۇ. مۇئمىن كۈن چىققاندىن كېيىن ئورنىدىن تۇرمايدۇ، ئەكسىچە كۈن چىقىشتىن بۇرۇن ئورنىدىن تۇرۇپ بولىدۇ. ۋاقىتنى ئىشلىتىشتە ئىسلام سەھەرنى ئاساس قىلىدۇ. بۇ سەۋەپتىن، سەھەرنىڭ كىشىگە ھايات بەخش ئەتكۈچى پۇرسىتىدىن ھەممىدىن كۆپ مۇسۇلمانلار پايدىلىنىدۇ. مەن ئاللاھ رەسۇلىدىن كەلگەن رىۋايەتلەردە « خۇپتەندىن كېيىن رەسۇلۇللاھ ئولتۇرۇپ مۇنداق دېدى... » دېگەندەك رىۋايەتلەرنى ئانچە ئۇچراتمىدىم. بۇنىڭ ئەكسىچە بۇخارى ئەۋقاتۇسسالات بابىدا ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇئەنھۇدىن ئاللاھ رەسۇلىنىڭ خۇپتەندىن كېيىن مەجبۇر بولۇپ قالمىسا، ئۆيىگە كىرىپ كېتىپ ئارام ئالغانلىقى، خۇپتەندىن كېيىن ئارتۇقچە گەپ قىلىشنى ياقتۇرمايدىغانلىقى رىۋايەت قىلماقتا.

## كېچە ۋە قۇرئان

« شۈبھىسىزكى، بىز ئۇنى مۇبارەك بىر كېچىدە نازىل قىلدۇق » ( دۇخان، 3 ).

كېچە، ئاللاھ تىلغا ئېلىپ تۇرۇپ قەسەم قىلغان ۋاقىتلاردىن بىرى. قۇرئان، ئۆزىنىڭ بىر كېچە ۋاقتىدا نازىل بولۇشقا باشلىغانلىقىنى بىزگە بايان قىلماقتا. « قەدر » بىر كېچىنىڭ ئىسمى بولۇپ، بۇ كېچىنى كېچىلەرنىڭ سۇلتانى قىلغانىدى.

ئىسرامۇ كېچىنىڭ ھەدىيەلىرىدىن بىرى. بىر كېچە ۋاقتى ( لەيلەن )دا يۈز بەرگەنىدى. ئىنسان نەسلى ئېگە بولالايدىغان ئەڭ يۇقىرى مەرتىۋىگە بىر كېچە ۋاقتى ئېرىشكەنىدى ئاللاھ رەسۇلى.

كېچىنىڭ ئۈممەتكە ئېلىپ كەلگەن ھەدىيەلىرىدىن بىرسى « ھىجرەت ».

قۇرئان: « كېچىلىرى ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىنى تىلاۋەت قىلىپ سەجدە قىلىدىغان كىشىلەر...» ( ئالئىمران، 113 )نى ئەھلى كىتابى ئىچىدىن ئالاھىدە تىلغا ئېلىپ ياد قىلغان، ئۇلارنىڭ باشقىلار بىلەن ئوخشاش ئەمەسلىكىنى بىلدۈرگەن. رەسۇلۇللاھقىمۇ بۇ سەۋەپتىن بىر ئەمىر

بېرىلگەندى:

« كېچىنىڭ بىر قىسمىدا ئورنۇڭدىن تۇرۇپ، ساڭا خاس بولغان نەپلە ناماز قىل. بەلكىم رەببىڭ بۇ ئارقىلىق سېنى مەدھىيلىنىدىغان بىر ماقام ( ئورۇن )غا يەتكۈزىدۇ » ( ئىسرا، 70 ).

رەسۇلۇللاھقا ئىچكى بايلىقنى قېزىپ چىقىرىش يولىنى كۆرسەتكەن ئاللاھنىڭ يەنە بىر تەۋسىيەسى:

« كېچە ۋاقىتلىرىدا ۋە كۈندۈزنىڭ دەسلەپكى ۋە ئاخىرقى ۋاقىتلىرىدا رەببىڭگە تەسبىھ ئېيتقىن ( يەنى ناماز ئوقۇغىن ) ۋە ھەمدە ئېيتقىن » ( تاھا، 130 ).

بۇ ھەقتە قۇرئاندا كىشىنىڭ دىققىتىنى تارتىدىغان بىر سۈرە بار – مۇززەممىل سۈرىسى. تۇنجى نازىل بولغان سۈرە بولغان بولسىمۇ، ئىچكى بايلىقنى قېزىپ چىقىرىش توغرىسىدىكى ئىلاھىي بۇيرۇقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالماقتا. مەلۇم بولغان نەرسە شۇكى، بۇ سۈرە نازىل بولغاندا بىز بىلىدىغان بەش ۋاقىت ناماز تېخى پەرز بولمىغانىدى. دەۋەتنىڭ ئاساسلىرى تېخى يېڭى – يېڭى ئوتتۇرىغا قويۇلىۋاتقان نۇبۇۋۋەتنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىگە ئائىت بولغان بۇ سۈرىدە، رەسۇلۇللاھقا ۋە ئۇنىڭغا ئەڭ باشتا ئەگەشكەن كىشىلەرگە نېمىنىڭ بۇيرۇلغانلىقىنى كېلىڭ بىرگە ئوقۇيلى:

« ئى كىيىمگە يۆگىنىۋالغۇچى ( نەبى! )

كېچىنىڭ ئازغىنىسىدىن باشقىسىدا،

يېرىمىدا ياكى يېرىمىدىنمۇ ئازراقىدا ياكى كۆپرەكىدە ئورنۇڭدىن تۇر !

ۋە قۇرئاننى تەپەككۇر قىلغان ھالدا ئالدىرىماي ئوقۇ.

ھەقىقەتەن بىز ساڭا ئېغىر بىر سۆزنى بېرىمىز.

شۈبھىسىزكى، كېچىنىڭ ناشىئەسى ( جىمجىتلىقى، ئىنسانىنىڭ ئىچكى دۇنياسىدا پەيدا قىلغان ) تەسىرى ۋە ئوقۇش نوقتىسىدىن ئەڭ مۇۋاپىق » ( مۇززەممىل، 1 ـ 6 ).

بەش ۋاقىت ناماز تېخى پەرز قىلىنمىغان، ئىسلامنىڭ ئەڭ ئېغىر كۈنلىرىدە نازىل بولغان بۇ ئايەتلەر ھەقىقەتەن چوڭقۇر مەنىگە ئىگە بولۇپ، بۇ ئايەتلەردە كېلەچەكتە ئىسلامنىڭ بارلىق يۈكىنى مۈرىسىدە توشىيدىغان بۇ يادرولۇق كىشىلەرنىڭ شەخسىيىتىنى تەربىيلەش مەقسەت قىلىنغانىدى.

ئۇلار لاھىيىسى ئاللاھقا ئائىت، مېمارى رەسۇلۇللاھ بولغان ئىسلام بىناسىنىڭ ئۇلى بولۇپ، ئۇل پۇختا سېلىنىشى كېرەك ئىدى. ئىنسانىنىڭ

ئىچكى دۇنياسىنى موللاشتۇرغۇچى خەۋەرلەرنى ئېلىپ كەلگەن بۇ خىل ئايەتلەر بۇ مەقسەتكە ماس ھالدا نازىل بولاتتى.
مەزكۇر سۈرىنىڭ ئاخىرقى ئايىتى نازىل بولغىچە رەسۇلۇللاھ ۋە ئەسھابى كېچە نامىزىنى پەرز سۈپىتىدە ئادا قىلدى. بۇ سۈرىنىڭ ئاخىرقى ئايىتى « ... ئاللاھ سىلەرنىڭ ( كېچە سائەتلىرىنى ) ھېسابلاپ بولالمايدىغانلىقىڭلارنى بىلىدۇ، ئاللاھ سىلەرگە رەھىم قىلدى، تەھەججۇد نامىزىدىن سىلەرگە قولاي بولغاننى ئوقۇڭلار ( سىلەرگە قايسىسى قولاي بولسا، شۇنىڭغا قاراپ كېچە نامىزى ئوقۇڭلار )،... » ئىپادىسى بىلەن بۇ ۋاجىپنى يەڭگىللەتتى، ئەمەلدىن قالدۇرمىدى. « فاقراۇ ما تەيەسسەرا مىنەل قۇرئان » ئىپادىسىدىنمۇ شۇنداق ئىكەنلىكىنى مەلۇم. « ئۇنداقتا قۇرئاندىن ئۆزەڭلارغا ئاسان بولغاننى ئوقۇڭلار » مەنىسىنى بىلدۈرىدىغان بۇ جۈملىدە « پارچە » ئارقىلىق « پۈتۈن » نەزەردە تۇتۇلغان بولۇپ، نامازدا قۇرئان ئوقۇلغانلىقى ئۈچۈن كېچە نامىزى مەجازى شەكىلدە « قۇرئان ئوقۇش » بىلەن ئىپادە قىلىنغان.
سۈرىنىڭ مەزكۇر ئاخىرقى ئايىتىنىڭ ئالدىنقى ئايەتلەردىن قانچىلىك ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن نازىل بولغانلىقى ھەققىدە ئوخشاش بولمىغان رىۋايەتلەر بار. بىر يىل، ئىككى يىل، ئون يىل دېگەنلەر بولغاندەك بۇ ئايەتنىڭ مەدىنىدە نازىل بولغانلىقىنى ئېيتقانلارمۇ بار. ھەزرىتى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا بۇ ئايەتنى كۆزدە تۇتۇپ « 12 ئاي ئۆتكەندىن كېيىن نازىل بولدى. رەسۇلۇللاھ ۋە ساھابىلىرى 12 ئاي بويىچە تەھەججۇت نامىزىنى پەرز سۈپىتىدە ئادا قىلدى » دەيدۇ. ئابد ئىبن ھۇمەيدنىڭ ياقۇپ ۋە جافەر ئارقىلىق سەئىد ( رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ )دىن كەلگەن رىۋايىتىدە رەسۇلۇللاھ ۋە ساھابىلىرى تەھەججۇت نامىزىنى ئون يىل بويىچە ۋاجىپ سۈپىتىدە ئادا قىلغان. ئون يىلدىن كېيىن بۇ ئايەت نازىل بولۇپ، مۇئمىنلەرنىڭ يۈكىنى يەڭگىللەتكەن دېيىلىدۇ.
مەيلى نېمە بولسىدىن قەتئىينەزەر، رەسۇلۇللاھ ۋە ساھابىلىرى ئايلارچە، ھەتتا يىللارچە تەھەججۇد نامىزى ئۈچۈن كېچىسى ئورنىدىن تۇرغان ۋە بۇ ۋاجىپنى يەڭگىللەتكەن ئايەت نازىل بولغاندىن كېيىنمۇ بۇ ناماز رەسۇلۇللاھ ئۈچۈن « كېچىنىڭ بىر قىسمىدا ئويغۇنۇپ، ساڭا خاس بىر نەپلە ناماز قىلغىن » ( ئىسرا، 79 ) ئەمرى بىلەن داۋاملاشتۇرۇلغان.
ئەڭ ياخشى ئۆرنەكىمىز بولغان رەسۇلۇللاھنىڭ كېچىسى نېمە ئۈچۈن بىزنىڭ كېچىمىزگە ئۆرنەك بولالمايدۇ؟ ئۇنىڭ ئىچكى دۇنياسىنىڭ رەببى

تەرىپىدىن قانداق موللاشتۇرۇلغانلىقىنىڭ دەلىلى بولغان بۇ ئايەتلەر بىزنىڭمۇ ئىچكى دۇنيامىزنى موللاشتۇرماسلىقى مۇمكىنمۇ؟ رەسۇلۇللاھنىڭ يولىنى چىڭ تۇتىشىمىز كېرەك بولغان بىزلەر نېمە سەۋەپتىن ئۇنىڭغا خاس بولغان بۇ ئەمىرلەرگە بۇنچە بىپەرۋا مۇئامىلە قىلىمىز؟ ئىنسان نېمە سەۋەپتىن ھەر نەرسىنى ۋە ۋاقىتنى ياراتقان ئاللاھ تەرىپىدىن « ئەڭ مۇۋاپىق » دەپ كۆرسىتىلگەن كېچە ئىسمىلىك بۇ بايلىقنى بۇنچە ئىسراپ قىلالايدۇ؟

« قانداق ياشىغان بولسىڭىز، شۇنداق ئۆلىسىز. قانداق ئۆلگەن بولسىڭىز، شۇ ھالەتتە تىرىلدۈرۈلىسىز. قانداق تىرىلگەن بولسىڭىز، شۇ ھالەتتە مەھشەرگە يىغىلىسىز ».

بۇ ئاگاھلاندۇرۇشتىن ئېلىشىمىز كېرەك بولغان نۇرغۇن دەرس بار. ئۇيقۇنى بىر خىل « ئۆلۈم » دەپ ئاتايمەن. قۇرئاندا، سۈرە ئەنئامدا ئۇيقۇ « ئۆلۈم ( يەتەۋەففاكۇم بىل لەيل ) » دەپ تىلغا ئېلىنىدۇ. بۇنىڭغا ئاساسەن، ھېچ بولمىغاندا يېرىم ئۆلۈم بولغان كېچىلىرىمىز ھەققىدە شۇنى دېيەلەيمىز: ئەگەر كۈندۈزىمىز ياخشى ئۆتكەن بولسا، كېچىگىزمۇ كۆڭۈللۈك ئۆتىدۇ. كېچىڭىز كۆڭۈللۈك بولسا، ئەتتىگەنلىكىڭىز ( قايتا تىرىلىشىڭىز )مۇ چىرايلىق بولىدۇ.

بۇلار بىر – بىرىگە زىچ مۇناسىۋەتلىك. مۇشۇنداق بىر مۇھىتتا كېچىسىنىڭ ھېسابىنى بېرەلمىگەن كىشى كۈندۈزىنىڭ ھېسابىنى بېرەلىشى مۇمكىنمۇ؟ ھەممە نەرسە ئۇيقۇغا غەرق بولغان بۇ ئالاھىدە ۋاقىتتا جانسىزلار، جانلىقلار ۋە سالىھلار بىلەن بىرلىكتە بۇ كائىنات ئوركېستىراسىغا ئاۋاز قوشۇشنىڭ ئىنسان ئىچكى دۇنياسىدا قانچىلىك يېڭى ئۇپۇقلار ئاچىدىغانلىقىنى ھېس قىلالامسىز؟

كۈندۈزى ئىمانىمىزنى سۇسلاشتۇرۇپ قويغان كىشىلىك ۋە ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەر، ئىسيان دەرياسىغا ئايلانغان كوچىلار، يۇقۇملۇق مىكروپلاردەك تاكى يۈرەكلىرىمىزگىچە سىڭىپ كىرگەن دىنغا ئىسيان، جاھالەت ۋە ئېتىقاد گادايلىقى ئىچكى دۇنيامىزدا پەيدا قىلغان خانىۋەيرانچىلىقنى كېچىنىڭ رەھمىتىدىن پايدىلىنىپ ئوڭشىمساق، بۇ قەلبىمىزنىڭ قىيامىتىنىڭ يېقىنلىشىپ قالغانلىقىدىن بىشارەت بېرىدۇ.

« كېچىلىرى تاكى تاڭ ئاتقىچە يىغلىتىدۇ بۇ دەرت مېنى » دېگەن ئاشىقنا ئوخشاش پەرىشان ھالىمىزنى ئاللاھقا ئېيتايلى. ئىچىمىزنىڭ ئەبەدىي مەملىكىتى ئۈچۈن بۇنى قىلايلى. ئۇ يەرنىڭ روھ، ئىمان، ئېرپان، ئېھسانغا

**ئوخشاش ئاھالسى ئۆچۈن بۇنى قىلايلى. ئەسىر جۇغراپىيىمىز ئۆچۈن بولسىمۇ قىلايلى بۇنى.**

**كۆكرىكىدە قەلبىنىڭ ئورنىغا تاش ئېسىۋالغان بىچارە ئىنسانىمىز ئۆچۈن قىلايلى بۇنى. كېچىنى يۈرىكىمىزنىڭ بىپايان كۆلىگە شۇڭغۇتۇپ، كېچە شاخلىرىدا مەنا مېۋىلىرىنى يىغقان ھالدا تاڭ ئاتقۇزايلى.**

**كېچىدە ئىچكى دۇنيامىزدا قولغا كەلتۈرگەن تەجرىبىنى كۈندۈزى تاشقى دۇنيامىزغا تەدبىقلايلى. شۇنى بىلەيلىكى، كېچىنىڭ بىر ۋاقتىدا ئىسسىق يوتقىنىغا ئەلۋىدا دېيەلىگەنلەر؛ ئۆز نامىدىن، كىشىلەر نامىدىن قان، ئېكسپالاتاتسىيە ۋە زۇلۇمغا تويمىغان زالىملارنىڭ قولىدىكى ئويۇنچاق ھالىغا چۈشۈپ قالغان ئۈممەت نامىدىن؛ ھەر كۈنى ئىمانى دەپسەندە قىلىنغان ساناقسىز كىشىگە ۋاكالەتەن كېچىلىرى مۇجاھىدىسى ( تىرىشچانلىقى )، كۈندۈزى مۇجادىلىسى ( كۆرىشى ) بىلەن ھاجەت دەرۋازىسىنى توختىماي قاققانلار قۇرۇپ چىقىدۇ كېلەچەكنى.**

**چۈنكى ھەر ئىجتىمائىي ئۆزگۈرۈشنىڭ ئۇرۇقى ئالدى بىلەن يۈرەكلەردە بىخ سۈرىدۇ ۋە باھارنىڭ تۇنجى غۇنچىلىرىغا ئوخشاش كۆكرەكلەردە ئېچىلىدۇ. ئاللاھنىڭ ۋەدىسى بار، « سالىھ » بولۇش لاياقىتىگە ئېرىشكەن بەندىلىرىگە زېمىن ۋە سۇنىڭ ئامانىتىنى بېرىدۇ ( ئەئراف، 128 ).**

# ئېقلىم

## قايغۇ ۋە كۆز يېشى

ئۇلار ( مۇئمىنلەر ) ئېيتتى: « جىمى ھەمدۇسانا بىزدىن غەم – قايغۇنى كەتكۈزىۋەتكەن ئاللاھقا مەنسۇپ،... » ( فاتىر، 34 ).

ئاللاھنى رازى قىلىش ئۈچۈن ئاتلانغان مۇئمىنلەرنىڭ غەم – قايغۇسى جەننەتكە كىرىش بىلەن ئاخىرلىشىدۇ. بۇ ھەقىقەتنى كۈچلەندۈرىدىغان بىر سۆزنى ئاللاھ رەسۇلى ۋاپات بولۇش ئالدىدا يېنىدا تۇرغان قىزى پاتىمەگە ئېيتقانىدى:

« يىغلىما قىزىم، داداڭ ئەمدى ئازاپلانمايدۇ ».

شۇنداق، ئۇ كۆڭگىچە دائىم ئازاپلانغانىدى. چۈنكى، رەسۇلۇللاھ نۇرغۇن ئىشلارنى بىلەتتى. ئۇ بىلگەننى بىلىدىغانلار كىم بولىشىدىن قەتئىينەزەر شۇنداق قىلاتتى. رەسۇلۇللاھ شۇنداق دېمىگەنىمىدى: « ئەگەر مەن بىلگەننى بىلگەن بولساڭلار، ئاز كۈلۈپ كۆپ يىغلىغان بولاتتىڭلار ».

ئۇنىڭ بىلگەنلىرى بىر ياقتا تۇرسۇن، بېشىدىن ئۆتكەنلىرىچۇ؟ يېتىم، ئىگە – چاقىسىز قالغانىدى. ئاندىن ئارقا – ئارقىدىن يۆلەنچۈكلىرىدىن ئايرىلىپ قالغانىدى: ئابدۇلمۇتەللىب، ئەبۇ تالىب، ھەزرىتى خەدىچە ۋە باللىرىنىڭ ئارقا – ئارقىدىن ۋاپات بولىشى. بۇ دەرتلەرنى بېسىپ تۇرغان نۇبۇۋۋەتنىڭ ئېغىر يۈكى ئىدى. بۇ سەۋەپتىن، ئۇ كۆپ يىغلاپ ئاز كۈلگەنىدى.

## قان، تەر، كۆز يېشى...

بۇ ئۈچ تامچە بەكمۇ ئېزىز. بۇ ئۈچ تامچە ئاربلاشقان ھەر نەرسە ئېزىز. نېمە ئۈچۈن بولسا بولسۇن، سەممىي ھالدا بىر داۋا ئۈچۈن تۆكۈلگەن قانلار تارىختا نەتىجىسىز قالمىغان.

تەرمۇ شۇنداق. كىم تەر تۆكۈپ ئەجىر قىلىپ نەتىجىگە ئېرىشمەپتۇ دەيسىز؟ بۇ، مەيلى مۇئمىن بولسۇن ياكى كاپىر بولسۇن، ھەممە كىشى ئۈچۈن ئورتاق. « ئىنسان ئۈچۈن » دەيدۇ قۇرئان؛ « ئىنسان پەقەت ئۆزىنىڭ ئىشلىگەن ئىشىنىڭ نەتىجىسىنى كۆرىدۇ » ( نەجم، 39 ).

كۆز يېشىمۇ شۇنداق. زۇلۇمغا ئۇچرىغان بىرىنىڭ كۆزىدىن تۆكۈلگەن بولسا بۇ تامچە، چۈشكەن يېرىنى كۆيدۈرۈپ تاشلايدۇ. بۇ ئۈچ تامچە بەدەلدۇر. بۇ بەدەل بېرىلگەن ۋاقىتتا قولغا كەلگەن ھەر نەرسە ھەقلىق بولىدۇ. قان زېمىنىنىڭ؛ تەر نانىنىڭ؛ كۆز يېشى يۈرەكنىڭ بەرىكىتى.

« ...ۋە كۈلىۋاتىسلەر، لېكىن يىغلىمايۋاتىسلەر » ( نەجم، 60 ).

ھەقىقەتەن، قانداقلارچە بۇنداق كۈلەلەيسىز، دەيدۇ قۇرئان. « ئىمانىڭىز، قۇرئانىڭىز، جۇغراپىيىڭىز ئەسىر قىلىنغان، ئىنسانلىرىڭىز بىر مەنىۋى قەتلىئامغا ئۇچرىغان، بارلىق قىممەت - قاراشلىرىڭىز تالان – تاراج قىلىنغان، سان – ساناقسىز قىز – يىگىتلەر كۆڭلىنى تارتقۇزۇپ قويغان بىر مۇھىتتا قانداقمۇ كۈلىۋاتىسىز؟» دەپ سوراۋاتىدۇ قۇرئان.

ھەقىقەتەن، قانداقمۇ كۈلگىڭىز كېلىۋاتىدۇ؟

بۇنىڭغا غەپلەت، بىپەرۋالىق، ھاماقەتلىك دېيىلىدۇ...

ئەگەر يولباشچىمىز رەسۇلۇللاھنىڭ بىلگەنلىرىنى بىلگەن بولساق، كۆپ يىغلاپ ئاز كۈلەتتۇق. ئۇ ئەڭ يېقىن دەرىجىدە بىلەتتى غەزەپ، قەھىر ۋە جەھەننەمنى. بۇ ھەقىقەتلەرنىڭ ئارىپى ئىدى ئۇ. ئەگەر بىزمۇ بۇ ھەقىقەتلەرنى « ئېرفان » دەرىجىسىدە بىلگەن بولساق ئۇنىڭدەك قىلاتتۇق، كۆپ يىغلاپ ئاز كۈلەتتۇق.

ئەگەر كۆكرىكىمىزدە يادرو كۈچ مەركىزى ئېلىپ يۈرىۋاتقانلىقىمىزنى ۋە بۇنىڭ ھەر كۈنى ئۈستىگە ياغقان گۇناھلار سەۋەبىدىن داتلاشقانلىقىنى بىلگەن بولساق، بۇ داتنى چىقىرىپ تاشلايدىغان بىردىنبىر خېمىيۋى ماددا

بولغان كۆز يېشىنى ئوكيانۇستەك تۆكەتتۇق كېچىنىڭ قوينىغا.

ئەگەر كۆز يېشىنىڭ، گۇناھلارنىڭ جان يېرىگە تەككۈزۈپ ئۆلتۈرىدىغان ئىستىغفار قورالىنىڭ ئۇقى ئىكەنلىكىنى بىلگەن بولساق، قەلبىمىزدىن بىر دەريا ئاققۇزاتتۇق.

ئەگەر دۇئالىرىمىزنى ئەڭ ئۇلۇغ ماقامغا تېز يەتكۈزۈشنىڭ ئەڭ بىخەتەر يولىنىڭ، دۇئالارغا كۆز ياشلىرىدىن قانات چىقىرىش ئىكەنلىكىنى بىلگەن بولساق، خۇددى يۇنۇسقا ئوخشاش « يىغلا كۆزۈم يىغلا، كۈلمەيمەن ئەمدى » دەيتتۇق. ياكى فۇزۇلىنىڭ پىچىرلاشلىرىغا ھەمراھ بولاتتۇق:

يار ئىشقىدا نەملەنسە كىرپىك نىم بولار،

زايا بولماس گۈل تاماسىدا بەرسەك تاشقا سۇ.

ئەگەر « يەۋمە لا يەنفاۋ مەلۇن ۋە لا بەنۇن ئىللا مەن ئەتاللاھى بى قەلبىن سەلىم ( پەقەت ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا پاك قەلب بىلەن كەلگەن ئادەمگىلا پايدا يەتكۈزۈلىدۇ ) » ( شۇئەرا، 89 )نىڭ سىرىنى بىلگەن بولساق، بىر « پاك قەلب »كە ئىگە بولۇش ئۈچۈن، بىر قانچە تامچە ئەمەس، بىر جۈپ كۆزىمىزنى پىدا قىلاتتۇق.

ئەگەر ھەر كۈنى ئەڭ كۆپ ئىشلىتىدىغان قول، زىھىن ۋە قەلبىتىن ئىبارەت بۇ ئۈچ ئورگانلىرىمىز ئىچىدە، ھەممىدىن كۆپ ئىشلىتىدىغان ۋە كىرلىتىدىغان ئەزايىمىز قەلب ئىكەنلىكىنى بىلگەن بولساق؛ ئۇنى مەينەتچىلىك ئىچىدە تاشلاپ قويغانلىقىمىز ئۈچۈن، ئاللاھتىن قورقۇپ تۆكۈلگەن كۆز ياشلىرىمىز بىلەن يۇيمىغانلىقىمىز ئۈچۈن ئۆكۈنەتتۇق.

ئەگەر ئىماننىڭ قانداق دەرتلەرنى تارتقانلىقىنى ئۇنىڭ ئورنىدا تۇرۇپ چۈشىنەلىگەن بولساق، يىغلايتتۇق.

ئىھسان دەرىجىسىدە ئاللاھقا، ئازابقا، قىيامەتكە، ئادالەتكە، ھېساپقا ئىشەنگەن بولساق، كۆزىمىزدىن ياش ئەمەس، قان ئاققۇزاتتۇق. شۇنداق دېمىگەنىمدى ئاللاھ رەسۇلى يەسرىبلىك بىر يىگىت ئۈچۈن: « ئاللاھ قورقۇسى قېرىنداشلارنىڭ يۈرىكىنى داغلىدى » دەپ؟

شۇنداق، بۇلارنىڭ ھەممىسىنى بىلگەن بولساق، يىغلايتتۇق.

« خاۋاتىرلىنىشنى بىلمەيدىغان نەسلگە ئاشق ئەمەس بىز » دەيتتى ھاشىم. بىز ئاشىنا بولدۇق ئەي شائىر، شۇنداق ئاشىنا بولدۇقكى، بۇ ئىسلام ئىرپانىنىڭ نەبەۋى ( پەيغەمبەر ) ئۇسلۇبىنى « رومانتىزم » دەپ قارىغانلارمۇ چىقتى ئىچىمىزدىن.

ھېس – تۇيغۇسىزلىقنىڭ بىرلا سەۋەبى بار، قەلىپ قاتتىقلىقى. ئۇنى قوبۇل قىلغىلى بولمايدۇ.
شەرقنى كۆرمەس، غەربنى بىلمەس، ئەدەپتىن يوق نېسىۋىسى،
بىر خىجىل بولماس يۈز، ياش تۆكۈلمەس كۆز پۈتۈن دەسمايىسى.
چۈشەنمىگەنلەر يىغلىيالمايدۇ، ھەتتا يىغلاشقا تىگىشلىك ھالىغا كۈلىدۇ، بىز مانا مۇشۇنداق بولۇپ قالدۇق.

# مېۋە

## مېھرى – مۇھەببەت

مېھرى – مۇھەببەت، مەۋجۇدىيەت سوئالىنىڭ جاۋابى.
مېھرى – مۇھەببەت، مەخلۇقات دەرىخىنىڭ ئۇرۇقى.
مېھرى – مۇھەببەت، يۈرەكنىڭ ئەبەدىي مېۋىسى.
مېھرى – مۇھەببەت، خالىق ۋە مەخلۇقتىن ئىبارەت مەۋجۇدلۇقنىڭ ئورتاق ئاۋازى.
مېھرى – مۇھەببەت، ئىنسان سەرپ قىلغانسىرى كۆپىيىدىغان دەسمايە.

ئەمدى سوراپ باقايلى: مېھرى – مۇھەببەت، قانداقلارچە مەۋجۇدىيەت سۇئالىغا جاۋاپ بولالايدۇ؟

چۈنكى، يوق نەرسىگە مېھرى – مۇھەببەت پەيدا بولمايدۇ. مېھرى – مۇھەببەت ھەققىدە توختىلىش ئۈچۈن ئۈزىدىن باشقا، يەنە « باشقا » بىرسى بولىشى كېرەك. كۆرگۈچى بولماي تۇرۇپ، نەرسىنىڭ بارلىقىنى كىم بىلىدۇ دەيسىز؟ مېھرى – مۇھەببەت ھەققىدە توختالغان بىر يەردە، ئەلۋەتتە ياخشى كۆرگۈچى – ياخشى كۆرۈلگۈچىنىڭ بولىشى مۇقەررەر. يوق نەرسىنى ياخشى كۆرۈش ئەھمەقلىق بولىدۇ.

بۇ سەۋەپتىن، مېھرى – مۇھەببەت مەۋجۇدىيەت سۇئالىنىڭ جاۋابى. مېھرى – مۇھەببەتنى بىلىدىغانلار ياخشى كۆرىدۇ، ئۇنىڭدىن بىرگە بەھرىمەن بولىدىغان بىرسىنى ئىزدەيدۇ. چۈنكى، تەڭ بەھرىمان بولۇش مېھرى – مۇھەببەتنىڭ ئەڭ كۈچلۈك ئىپادىسى. ئەگەر مېھرى – مۇھەببەتتىن تەڭ بەھرىمان بولۇشنى خالىغۇچى، يارىتىشتىن ئىبارەت بىر كۈچكە ئىگە بولمىسا، ئۇنداقتا ئۇ مەۋجۇدىيەت ئىچىدىن بىر « باشقا »سىنى تېپىپ، سۆيگۈسىنى ئۇنىڭ بىلەن بىرگە بەھرىمان بولىدۇ. ئەگەر بۇ زات، يارىتىش كۈچى ئىلكىدە بولغان ئاللاھ بولغان بولسا، ئەلۋەتتە ياخشى كۆرىدىغان ۋە ياخشى كۆرگەن بىرسىنى يارىتىدۇ.

« ئاللاھ بىرەر شەيئىنى ( يارىتىشنى ) ئىرادە قىلسا، ئۇنىڭغا پەقەت `

ۋۇجۇتقا كەل ` دەيدۇ – دە، ئۇ ۋۇجۇتقا كېلىدۇ » ( ياسىن، 82 ).
ھەر نەرسىنىڭ مەنبەسى ئاللاھ بولغاندەك، مېھرى – مۇھەببەتنىڭمۇ مەنبەسى ئاللاھتۇر. سۆيگۈ بۇلىقىنىڭ مەنبەسىدە ئۇ بار. يەر يۈزىدە ئۆتكەن ئەڭ چوڭ مېھرى – مۇھەببەت مەكتەپلىرى ( دىن ) ئۇنىڭ. يەر يۈزىدە ئۆرنەك بولغان ئەڭ قابىلىيەتلىك مېھرى – مۇھەببەت ئوقۇتقۇچىلىرى ( نەبىلەر ) ئۇنىڭ مەكتىپىنى پۈتكۈزگەندى. ئاشقىنىڭ ئۆلۈمسىز كىتابىنى يەنىلا ئاللاھ يازغان. چۈنكى، ئۇ « ۋەدۇد »، يەنى « ناھايىتى ياخشى كۆرگۈچى »...
مۇشۇنچىلىكمۇ؟ ئەلۋەتتە، ئۇنداق ئەمەس. ئۇ « ھەممىدىن بەك ياخشى كۆرۈلگۈچىدۇر ». سەۋەبى يەنىلا ئوخشاش، چۈنكى ئۇ « ۋەدۇد ». ئۆز بايانىدىن، ئۇ ئۆزىنى شۇنداق تونۇشتۇرماقتا. ئۇنى تونۇشىمىزغا ۋەسىلە بولىدىغان ئەڭ ئىشەنچلىك مەنبە بولغان قۇرئاندا:
« رەببىڭلاردىن مەغپىرەت تەلەپ قىلىڭلار، ئاندىن ئۇنىڭغا تەۋبە قىلىڭلار، مېنىڭ رەببىم ( تەۋبە قىلغۇچىلارغا ) ھەقىقەتەن مەرھەمەتلىك ( ناھايىتى ياخشى كۆرگۈچى ) دۇر، ( ئۇلارنى ) دوست تۇتقۇچىدۇر » ( ھۇد، 90 ).
« ئاللاھ مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ياخشى كۆرگۈچى ( دوست تۇتقۇچى )دۇر » ( بۇرۇج، 14 ).
ئۇنىڭ مېھرى – مۇھەببىتىنىڭ يەنە بىر ئىسمى « جەننەت ». مېھرى – مۇھەببەتنىڭ يېشىلىپ شەيئىگە ئايلىنىشىدۇر، شەيئى شەكلىدە ئىپادىلىنىشىدۇر جەننەت. ئۇ، پەقەت ياخشى كۆرىدىغان، پەقەت ياخشى كۆرگۈزىدىغان بولۇپلا قالماستىن، يەنە شادلىق ئاتا قىلغۇچى. نېمە بىلەن خوشال قىلىدۇ؟ جەننەت بىلەن، ئەلۋەتتە. ھەممىدىن بەك ياخشى كۆرگۈچى، مەرھەمەت قىلغۇچى؛ ھەممىدىن بەك ياخشى كۆرۈلگۈچىنىڭ، ئەڭ ياخشى شەكىلدە خوشاللىق بەخش ئەتمەسلىكىنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولامدۇ؟
ئۇنىڭ ھەم ھەممىدىن بەك مەرھەمەت قىلغۇچى، ھەم ياخشى كۆرۈلگۈچى ئىكەنلىكىنى مەن ئۆزەم پەيدا قىلىۋالمىدى، بۇ « ۋەدۇد » ئىسىم – سۈپىتىنىڭ گىراماتىكىلىق ئالاھىدىلىكى. يەنى ئىگە بولۇپ كەلگەندە « ھەممىدىن بەك سۆيگۈچى » مەنىسىنى ئىپادىلىسە؛ تولدۇرغۇچى بولۇپ كەلگەندە « ھەممىدىن بەك ياخشى كۆرۈلگەن » مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ. ئاللاھنىڭ « ۋەدۇد » بولۇشى دېگەنلىك، ئۇنىڭ ھەممىدىن بەك ياخشى

كۆرىدىغان ۋە ئۇنى ھەممىدىن بەك ياخشى كۆرىدىغان بىرسىنىڭ بولۇشى دېگەنلىك بولىدۇ. شۇڭا، مېھرى – مۇھەببەت مەۋجۇدىيەت سۇئالىنىڭ جاۋابى.

مېھرى – مۇھەببەت، پۈۋلەنگەن روھقا ئوخشاش، ئىلاھىي ھەقىقەتلەردىن بىرى. مەزكۇر ھەقىقەتلەردىن ناھايىتى ئاز بىر قىسمى خالىق بىلەن مەخلۇققا ئورتاق. بۇ ئورتاق ھەقىقەتلەرنىڭ ئەڭ بېشىدا مېھرى – مۇھەببەت كەلمەكتە.

ياراتقۇچىمىزنى تونۇشتا بىزگە يول كۆرسەتكۈچى رولنى ئوينايدىغان ئىسىم – سۈپەتلەر ئىچىدە، « ۋەدۇد » سۈپىتى ئۆزگىچە ئالاھىدىلىككە ئىگە. مەسىلەن: ئۇ ئاسرىغۇچى ( رەھمان )، مەغپىرەت قىلغۇچى ( رەھىم )دۇر، لېكىن ئاسراش ۋە مەغپىرەت قىلىشقا مۇھتاج ئەمەس. ئەپۇ قىلىدۇ ( غەفۇر )، ئەپۇ قىلىنىشقا مۇھتاج ئەمەس. ھۆكۈم قىلغۇچىدۇر، ھۆكۈم بەرگىلى بولمايدۇ. تويغۇزىدۇ ( رازىق )، تويغۇزۇشقا مۇھتاج ئەمەس،...

يۇقىرىدىكىدەك سۈپەتلەر ھەم فائىل ھەم مەفئۇل مەنىسى بىلەن ئاللاھقا ئىشلىتىلمەيدۇ. بۇلارنى بۇ شەكىلدە ئىشلىتىش، ئىنسانىنىڭ ئىمانىغا شەك كەلتۈرىدىغان بولۇپ، خەتەرلىك سۆزلەر قاتارىغا كىرىدۇ.

ئاللاھ ئۆزى ئۈچۈن تاللاپ ياقتۇرغان « ۋەدۇد » ئىسمى بۇ جەھەتتىن باشقا ئىسملاردىن پەرقلىنىپ تۇرىدۇ. ئاللاھ مېھرى – مۇھەببەتنى بەندىلىرى بىلەن تەڭ بەھرىمان بولماقتا، « ئاللاھ ئۇلارنى، ئۇلارمۇ ئاللاھنى ياخشى كۆرىدۇ ( دوست تۇتىدۇ ) » ( قەمەر، 5 ).

باشقا نېمەتلىرى ئۈچۈن بىزدىن « ئۇبۇدىيەت » تەلەپ قىلغان بولسا، مېھرى – مۇھەببەت نېمىتى ئۈچۈن، مېھرى – مۇھەببەت بىلەن جاۋاپ قايتۇرۇشنى كۈتمەكتە. بۇ مەنىدە، بۇنىڭغا ئوخشايدىغان باشقا ئۆرنەك يوق، سۆيگۈ ۋە مۇھەببەتنىڭ رەقىبى يوق. ياراتقۇچى، ئۇنى مەۋجۇدىيەتنىڭ ئورتاق قەدىرىيىتى قىلغان. ئاللاھ رىزىق بېرىپ تويغۇزىدۇ، رىزىقلاندۇرۇشنى كۈتمەيدۇ ( زارىيات، 57 )؛ بېرىدۇ ئېلىشنى تەمە قىلمايدۇ؛ ياشىتىدۇ، ياشىتىشنى تىلىمەيدۇ؛ ھىمايە قىلىدۇ، ھىمايە قىلىنىشنى تىلىمەيدۇ. ئەمما، مېھرى – مۇھەببەتكە كەلگەندە، ئۇنى پۈتۈن مەۋجۇدىيەتكە ئورتاق قىلغان بولۇپ، ياخشى كۆرىدۇ ( دوست تۇتىدۇ ) ۋە ياخشى كۆرۈشنى خالىغان.

# مېھرى – مۇھەببەت مەخلۇقات دەرىخىنىڭ ئۇرۇقى

قۇرئاندا مېھرى – مۇھەببەت ئۈچ ئايرىم ئاتالغۇ بىلەن ئىپادە قىلىندۇ. يەنى مۇھەببەت، مۇۋەددەت، ئۈلپەت. ئەڭ كۆپ ئىشلىتىلگەن بىرىنچى قاتاردىكى سۆز « ھۇبب ( ھ – ب – ب ) » سۆز يىلتىزىدىن تۈرلەنگەن.

مېھرى – مۇھەببەت مەنىسنى بىلدۈرىدىغان بۇ ئۇقۇم، ئۇنىڭدى باشقا مېغىز، ئۇرۇق، ئۆز قاتارلىق مەنىلەرنىمۇ بىلدۈرىدۇ ۋە قۇرئاندا بۇ مەنىلەردە ئىشلىتىلگەن. ( ئەنئام، 95؛ رەھمان، 12 ).

ئىككىنچى مەنىسنى كۆزدە تۇتقان ئاساستا، مېھرى – مۇھەببەتنىڭ مەۋجۇدىيەتنىڭ ئۇرۇقى، مېغىزى، ئۆزى دېيەلەيمىز. مەۋجۇت بولۇش سەۋەبى ئەبەدىي بولغان ھەقىقەتلەرنىڭ ئۆزىمۇ خۇددى ئاللاھ ئۈچۈن ياخشى كۆرۈشتەك ئۆلۈمسىز بولىدۇ. بار بولۇش سەۋەبى پانىي بولغان ھەقىقەتلەرنىڭ ئۆمرى خۇددى بەدىنى ياخشى كۆرگەنگە ئوخشاش قىسقا بولىدۇ. لېكىن، ياخشى كۆرگۈچى ( ۋەدۇد ) مەۋجۇد بولغان مۇددەتچە مېھرى – مۇھەببەتمۇ مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. ئاللاھ، بۇ ئەبەدىي سەۋەپ بىلەن يارىتىشنى داۋاملاشتۇرىدۇ.

« ئاللاھ ھەر ۋاقىت يېڭى بىر ھالەتتىدۇر ( ھاياتنى ھەر ۋاقىت يېڭىلاپ تۇرماقتا، يارىتىشنى داۋاملاشتۇرماقتا ) » ( رەھمان، 29 ).

يۈرەك، مەخلۇقاتنىڭ سەۋەبى بولغان مېھىر ئۇرۇقىنى تېرىغىلى بولىدىغان ئەڭ مۇنبەت تۇپراق. ئىسمىنى مېھرى – مۇھەببەت دەپ ئاتىغان ئۇرۇق ئادەتتىكى پۇچەك ئۇرۇق بولماستىن، ۋەدۇد بولغان ئاللاھ بېغىشلىغان سورتلۇق ئۇرۇق بولۇپ، ياۋا ئوت – چۆپلىرى يۇلۇنۇپ، تاشلىرى چىقىرىپ تاشلانغان. ئەگەر بۇ ئۇرۇق مېھنەت ۋە مېھىر بىلەن سۇرەم سېلىنىپ، كۆز يېشى بىلەن سۇغۇرۇلغان پاك بىر قەلبكە تېرىلسا؛ يۈرەك، ئىشلەتكەنسىرى كۆپىيىدىغان، پۈتمەس – تۈگىمەس بىر مېھرى – مۇھەببەت ئامبىرىغا ئايلىنىدۇ. بۇ ئۇرۇق، بىرگە ئون ئەمەس، بىرگە مىڭ، بىرگە يۈز مىڭ بېرىدىغان يۈرەك تۇپرىقىنىڭ ئۆلۈمسىز غەزىنىسى بولىدۇ.

ئىنسان يۈرىكىنىڭ بۇ ئۆلۈمسىز مېۋىسىدىن تولۇق پايدىلىنىشى ئۈچۈن ئۈچ نەرسە زۆرۈر: سورتلۇق ئۇرۇق (مېھرى – مۇھەببەت)، مۇنبەت تۇپراق ( قەلىپ )، پىداكار بىر باغۋەن.

ھەممىدىن يامان ساختىپەزلىك، مېھرى – مۇھەببەت ساختىپەزلىكى بولۇپ، بۇ خۇددى بەدىلى يوق چەك يازغان كاززاپ سودىگەرگە ئوخشايدۇ. جاۋابى بولمىغان مېھرى – مۇھەببەتنى پەيدا قىلغان ئالدامچى سۆيگۈ سودىگەرلىرى، بۇ ساختىپەزلىكنى « ئىنسان سۆيگۈسى » ياكى « ھيۇمانىزم » دەپ ئاتىشى مۇمكىن. قانداقلا بولمىسۇن بىر بەدىلى يوق بۇ « سۆنئىي مېھرى – مۇھەببەت »نىڭ.

ساختىپەزلىكنىڭ يەنە بىر تۈرى بولسا، مېھرى – مۇھەببەتنى ئىشتانىنىڭ ئىچىدىن ئىزدەش ياكى كۆنىمىزدىكىدەك زىنانىڭ ئىسمىنى مۇھەببىتنىڭ ئەڭ يۇقىرى پەللىسى بولغان « ئاشىق» دەپ ئاتاش. كېيىنكى بابلاردا بۇ ھەقتە توختىلىدىغانلىقىم ئۈچۈن تەپسىلىي ھازىرچە مۇشۇنىڭ بىلەن كۇپايىلىنىمەن.

ئەتراپىنى يالغان مېھرى – مۇھەببەت ۋە مۇھەببەت ساختىپەزلىرى قاپلاپ كەتكەن بىر دەۋردە، ھەقىقىي مېھرى – مۇھەببەتنى پەقەت ۋەھيىنىڭ يېتەكچىلىكىدە تاپالايمىز. چۈنكى، ۋەھيي ھەم ئاشىقلارنىڭ ھەم مەشۇقلارنىڭ ئەڭ ئۇلۇغى بولغان ئاللاھنىڭ كالامى. ئۇ، مېھرى – مۇھەببەتنى مېھىر بىلەن ياراتقان ئاللاھنىڭ...

## مېھرى – مۇھەببەت ئابىدە

كائىناتنىڭ يارىتىلىش ھېكمىتى، ئىنساننىڭ ئەبەدىي دۆلىتى، مۇئمىننىڭ دۇنيادىكى جەننىتى، مەۋجۇدىيەتنىڭ بىردىنبىر ئورتاق بايلىقى بولغان مېھرى – مۇھەببەت، يەنە بىر جەھەتتىن ۋەھيىنىڭ ئاساسىي تېمىسىنى تەشكىل قىلغۇچى ئامىلدىن بىرى. بۇ تېما « ياخشى كۆرۈش » ياكى « ياخشى كۆرمەسلىك » ئۇستىگە قۇرۇلغان.

بىر ئىلاھىي ئۇسلۇب، بىزنى مېھرى – مۇھەببەتنىڭ « بەلگۈلىگۈچى » ئىكەنلىكى قانائىتىگە ئېلىپ بارىدۇ. مېھرى – مۇھەببەت، ئاللاھ كىشىگە بەخش ئەتكەن ئابىدە. كائىناتنىڭ ئىگىسى، ئۆزىگە قارشى ئىسيان قىلىش، ئاسىي بولۇش ئىقتىدارى بىلەن قوراللاندۇرغان ئىنساننى غەزەپ قىلىش، ئوتقا تاشلاش، ئازاپلاشتىن زىيادە، « ياخشى كۆرمەسلىك » بىلەن قورقۇتۇپ

ئاگاھلاندۇرىدۇ. ئاللاھقا ئىتائەتنىڭ ئاملى ياخشى كۆرۈش دەپ كۆرسىتىلىش بىلەن بىرگە، ئىتائەتسىزلىكنىڭ سەۋەبىنى سۆيمەسلىك، ياخشى كۆرمەسلىك دەپ بايان قىلماقتا.

قورقۇشمۇ؟ ئۇ بار، بولىشى كېرەك. لېكىن، ئۇنىڭ سەۋەبى ئازاپ، غەزەپ ياكى جەھەننەم بولۇشىنىڭ ئورنىغا « ياخشى كۆرۈش » بولىشى كېرەك. يۇقىرىدا تىلغا ئالغانلىرىمىز، ئاللاھ ياخشى كۆرمىگەنلىكىنىڭ نەتىجىسى ئەمەسمۇ؟ ئاللاھتىن قورقۇشنىڭ ئۇلىدا جازاغا ئۇچراشتىن قورقۇشنىڭ ئورنىغا، ئۇنىڭ بىلەن ئۆزى ئارىسىدىكى مۇھەببەتنى ئاجىزلىتىپ قويۇش ئەندىشىسى، يەنى سەۋەبى مۇھەببەت بولغان قورقۇ بار بولۇپ، ئەسلىدە بىزدىن كۈتىلىۋاتقان دەل بۇ. بۇ « تەقۋا »لىق دەپ ئاتىلىدۇ.

ئاللاھنىڭ كىتابىنى ياخشى كۆرۈش ۋە ياخشى كۆرمەسلىك ئۈستىگە بەرپا قىلغانلىقىنى ئېيتقانىدۇق. تۆۋەندىكى ئايەتلەردە ياخشى كۆرۈشنىڭ ئىنسان ئەمەللىرىنىڭ بەلگىلىگۈچىسى سۈپىتىدە قانداق ئىشلىتىلگەنلىكىگە بىر قاراپ باقايلى:

« ئاللاھ ھەقىقەتەن خائىنلارنى ياخشى كۆرمەيدۇ ( دوست تۇتمايدۇ ) » ( ئەنفال، 58 )

« ئاللاھ ھەقىقەتەن تەۋبە قىلغۇچىلارنى ياخشى كۆرىدۇ ( دوست تۇتىدۇ ) » ( بەقەرە، 222 )

« ئاللاھ بۇزغۇنچىلىق قىلغۇچىلارنى ياقتۇرمايدۇ » ( مائىدە، 64 )

« ئاللاھ تەقۋادارلارنى ھەقىقەتەن ياخشى كۆرىدۇ ( دوست تۇتىدۇ ) » ( ئالئىمران، 76 )

« ئاللاھ ھەددىدىن ئاشقۇچىلارنى ياقتۇرمايدۇ ( زالىملارنى دوست تۇتمايدۇ ) » ( ئالئىمران، 57 )

« ئاللاھ ھەقىقەتەن ئادىللارنى ياخشى كۆرىدۇ ( دوست تۇتىدۇ ) » ( مائىدە، 42 )

« ئاللاھ ھەقىقەتەن گۇناھقا چۆمگەن كىشىنى ياقتۇرمايدۇ ( دوست تۇتمايدۇ ) » ( نىسا، 107 )

« شۈبھىسىزكى، ئاللاھ ئۆزىنىڭ يولىدا مۇستەھكەم بىنادەك سەپ بولۇپ جىھاد قىلغانلارنى ياخشى كۆرىدۇ ( دوست تۇتىدۇ ) » ( سەپ، 4 )

« ئاللاھ كىبىرلىك قىلىپ، كۆرەڭلەپ كەتكەنلەرنى ياقتۇرمايدۇ » ( نىسا، 107 )

« ئاللاھ ( ئىچكى ۋە تاشقى جەھەتتىن ) پاك بولغۇچىلارنى ياخشى كۆرىدۇ ( دوست تۇتىدۇ ) » ( تەۋبە، 108 )

بۇلار پەقەت بىر قانچە مىسال، ئەلۋەتتە. ياخشى كۆرۈش ئەتراپىدا ئايلىنىپ تۇرغان بۇ ئۆرنەكلەرنى تېخىمۇ كۆپەيتىش مۇمكىن. بۇلاردىن باشقا، مۇھەببەتنىڭ بەلگىلىگۈچى ئىكەنلىكىگە، مېھرى – مۇھەببەتنىڭ باش ئۇستازى ۋە ئىنسان مېھرى – مۇھەببىتىنىڭ ئۇيۇقى بولغان رەسۇلۇللاھنىڭ ۋە ساھابىلىرىنىڭ ھاياتىدىن جانلىق ئۆرنەكلەر تاپالايمىز.

كىشى خاراكتېرىنىڭ بەلگىلىنىشىدە مېھرى – مۇھەببەتنىڭ مۇھىم بىر ئامىل سۈپىتىدە رول ئوينايدىغانلىقىنى ئاللاھ رەسۇلىدىن كۆرىۋالغىلى بولىدۇ. ئۇ دەماللىققا كىشىگە سەلبىي تەسىر بېرىدىغان بەزى قىلمىش ئىگىلىرىنى، مەزكۇر سەلبىي قىلمىشلىرى بىلەن ئەمەس، بەلكى مۇھەببىتى بىلەن قۇچاقلىغانىدى ( ياخشى تەرىپىنى كۆرۈپ مۇئامىلە قىلغانىدى ). ساھابىلىرى ئارىسىدا سەلبىي ھەرىكەتتە بولغان كىشىلەرگە نىسبەتەن شەكىللەنگەن قارشى پىكىردىكىلەرنى ئۆزىنى بېسىۋېلىشقا ۋە بىر تەرەپكە ئېغىپ كەتكەنلەرگە ئۇنتۇپ قالغان بىر نوقتىنى سەمىگە سېلىش ئۈچۈن، نۇرغۇن مەسىلىلەردە « ياق، ئۇ قېرىنداشلار ئاللاھ ۋە رەسۇلىنى ياخشى كۆرىدۇ » دەپ نەسىھەت قىلغانىدى. رەسۇلۇللاھنىڭ مېھرى – مۇھەببەتنى ھالقىلىق ئامىل سۈپىتىدە كۆرسەتكەنلىكىگە مۇناسىۋەتلىك مىساللاردىن بۇخارى ۋە باشقىلار نەقىل قىلغان پەقەت بىر ئۆرنەكنى مىسال كەلتۈرەيلى. ھەزرىتى ئۆمەر مۇنداق دەيدۇ:

« رەسۇلۇللاھنىڭ زامانىدا، ئابدۇللاھ ئىسىملىك < ئېشەك > دەپ لەقىمى بار بىر كىشى بار ئىدى. ھەرىكەتلىرى بىلەن رەسۇلۇللاھنى كۈلدۈرەتتى. ھاراق ئىچكەنلىكى ئۈچۈن رەسۇلۇللاھ ئۇنىڭغا دەررە ( پالاق ) ئۇرغۇزغانىدى. يەنە بىر قېتىم ھاراق ئىچىۋاتقاندا تۇتۇلۇپ قالغان ۋە دەررە يېگەنىدى. ئۇنىڭ بىر قانچە قېتىم دەررە يېگەنلىكىنى كۆرگەن بىر كىشى:

- ئاللاھ لەنەت قىلسۇن! نېمە ئۈچۈن ھاراق ئىچسەن؟- دېدى.

رەسۇلۇللاھ:

- ئاغزىڭنى يىغ، ئۇنىڭغا لەنەت ئوقۇما! ئۇنىڭ ئاللاھ ۋە ئاللاھ رەسۇلىنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى بىلمەمسەن؟ - دېدى ».

بۇ مۇئامىلە، ئەمەلگە ئېتىبار بەرمەيدىغان ياكى سەل قارايدىغان ھەددىدىن ئېشىشقا دەلىل بولالمايدۇ، ئەلۋەتتە. چۈنكى، بۇ ئۆرنەكنىڭ ئۆزى

بىر ئاشقۇنلىقنىڭ، بىر مۇۋازىنەتسىزلىكنىڭ ئاللاھ رەسۇلى تەرىپىدىن ئالدىنىڭ ئېلىنىشى ئىدى. رەسۇلۇللاھ ئىنسانلارنى ئاجىزلىقلىرى سەۋەبىدىن چەتكە قېقىپ، بەزى ياخشى خىسلەتلىرىنى كۆرمەسكە سېلىشنى رەت قىلغانىدى. لەنەتكە لايىق بولمىغان بىرىنىڭ لەنەتلىنىشىنى ياقتۇرمىغانىدى. بەلكىم بۇ ئارقىلىق ئۇنىڭ دۇئاغا مۇھتاج ئىكەنلىكىنى، ئەپۇ ۋە مەرھەمەتكە ئېھتىياجى بارلىقىنى ئىما قىلغانىدى. ئەلۋەتتە، بۇنداق مىساللار، ئەمەلنى يوققا چىقىرىدىغان مۇرجىئە مۇۋازىنەتسىزلىكىنىڭ دەلىلى بولالمايدۇ.

« ئۇلارغا ئېيتقىنكى، ئەگەر سىلەر ئاللاھنى ياخشى كۆرسەڭلار ( دوست تۇتساڭلار )، ماڭا ئەگىشىڭلاركى، ئاللاھ سىلەرنى ياخشى كۆرسۇن ( دوست تۇتسۇن ) ۋە گۇناھلىرىڭلارنى مەغپىرەت قىلسۇن. ئاللاھ ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر » ( ئالئىمران، 31 ).

ياخشى كۆرۈشنىڭ ھەل قىلغۇچى ئامىل ئىكەنلىكىنى بۇ ئايەتمۇ ناھايىتى روشەن شەكىلدە ئىپادىلەپ بەرمەكتە. كىشى ياخشى كۆرمىگەن بىرسىگىمۇ بەزى سەۋەپلەر تۈپەيلىدىن ئىتائەت قىلىدۇ. ئەگەر ياخشى كۆرسەڭلار ئىتائەت قىلىڭلار، يەنى ئىتائىتىڭلارنى سەۋەبى ئاللاھنى ياخشى كۆرۈش بولسۇن.

ئىتائەت قىلىڭلاركى، ياخشى كۆرگەنلىكىڭلار پەقەت ئېغىزدا ئېيتىش بىلەن چەكلىنىپ قالمىسۇن، ئۇنىڭ بەدىلىنى تۆلەڭلار. ياخشى كۆرگەن زاتنىڭ يۈز – خاتىرى ئۈچۈن، ئۇنىڭ رەسۇلىغا ئىتائەت قىلىش ئارقىلىق مۇھەببىتىڭىزنى يۈرەك مەملىكىتىڭىزدە سۇلتان قىلىڭ. ياخشى كۆرىشىڭىز تەسىرى يوق قۇرۇق مۇھەببەت بولۇشتىن قۇتۇلۇپ، بىر سۇلتان مۇھەببەتكە ئايلانسۇن. ئۇ ۋاقىتتا نېمە بولىدۇ دەمسىز؟ مۇھەببىتىڭىزنى ئاللاھقا ئىسپاتلىغان بولىسىز، ئۇنىڭ بەدىلىنى ئىتائەت قىلىش ئارقىلىق تۆلىگەن بولىسىز. مانا بۇ ۋاقىتتا ئاللاھمۇ سىزنى ياخشى كۆرىدۇ. پەقەت بۇمۇ؟ ئۇنداق ئەمەس، ئەلۋەتتە. ئۇمۇ سىزنى ياخشى كۆرگەن ۋە دوست تۇتقانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ، گۇناھلىرىڭىزنى ئۆچۈرۈپ، مەغپىرەت قىلىدۇ. سىزنىڭ ئاللاھقا بولغان ياخشى كۆرىشىڭىزنىڭ ئىسپاتى « ئىتائەت » بولغان بولسا، ئاللاھنىڭ سىزگە بولغان مۇھەببىتىنىڭ ئىسپاتى « مەغپىرەت » بولىدۇ. بۇ مۇھەببەت داۋاملاشقان مۇددەتچە سىزنىڭ ئىتائىتىڭىز كۈچىيىدۇ، ئىتائىتىڭىز كۈچەيگەنسىرى، ئۇنىڭ مەغپىرىتى ۋە مەرھەمىتىمۇ ئاشىدۇ. مانا بۇ ئۆزگىچە بىر فورمىلا. بۇ فورمىلادىن بىخەۋەر ئىنسانلارنى ياقىسىدىن تۇتۇپ

سلكىلەك ۋە ئۇلارغا « ئېيتقىنكى، ئەگەر ئاللاھنى ياخشى كۆرسەڭلار... » ۋە يەنە ئۇلارغا ئېيتقىكى:

ئاللاھىڭ بار تۇرۇپ، يەن نېمىگە مۇھتاجسەن؟
ئاللاھىڭ بولمىسا، نېمەڭ بار؟

## ياخشى كۆرۈش ۋە بېغىشلاش

ئەي مۇئمىنلەر! سىلەردىن كىمكى مۇرتەد بولىدىكەن ( ئاللاھنىڭ يولىدىن يۈز ئۆرىسە )، ئاللاھ ( ئۇنىڭ ئورنىغا ) ئۇلارنى ياخشى كۆرىدىغان ( دوست تۇتىدىغان )، ئۇلارمۇ ئاللاھنى ياخشى كۆرىدىغان ( دوست تۇتىدىغان ) ، مۇئمىنلەرگە كۆيۈنىدىغان، كاپىرلارغا شەپقەتسىز، ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلىدىغان ۋە مالامەت قىلغۇچىنىڭ مالامىتىدىن قورقمايدىغان بىر قەۋمنى كەلتۈرىدۇ. بۇ ( يەنى يۇقىرىدىكى سۈپەتلەر بىلەن سۈپەتلىنىش ) ئاللاھنىڭ پەزلىدۇركى، ( ئاللاھ ) ئۇنى ( بەندىلىرىدىن ) خالىغان كىشىگە بېرىدۇ، ئاللاھ ( نىڭ پەزلى ) كەڭدۇر، ( ئاللاھ ) ھەممىنى بىلگۈچىدۇر » ( مائىدە، 54 ).

ئاللاھ يولىدىن يۈز ئۆرىگەنلەر ئەڭ باشتا يوقۇتۇپ قويىدىغان نەرسىنىڭ « مېھرى – مۇھەببەت » ئىكەنلىكىنى بۇ ئايەتتىن كۆرىۋالالايمىز. باشتا ياخشى كۆرۈش ( مېھرى – مۇھەببەت )دىن مەھرۇم بولىدۇ، ئاللاھ ئۇلارنى ياقتۇرمايدۇ، ئۇلارمۇ ئاللاھنى ياقتۇرمايدۇ. ئاندىن قالغان ئىشلار كۆرسىتىلىدۇ. چۈنكى، مېھرى – مۇھەببەت باشقا ئىشلارنىڭ سەۋەبى. سەۋەبى يوقالغاندىن كېيىن، ۋاستىنىڭ مەۋجۇت بولىشىنىڭ بىر ئەھمىيتى قالمايدۇ. مۇئمىنلەرگە كۆيۈمچان بولىشى كېرەكلىك تۇرۇپ، ئۇنىڭ ئەكسىچە مۇئامىلىدە بولىدۇ. بۇنىڭ سەۋەبى مېھرى – شەپقەتتىن يوقسۇن بولىشى بولۇپ، كاپىرلارغا قارشى شەپقەتسىز بولىشى كېرەك تۇرۇپ، ئۇنىڭ ئەكسىچە مۇئامىلە قىلىدۇ. بۇنىڭ سەۋەبىمۇ يەنىلا يۇقىرىدىكى بىلەن ئوخشاش. ياخشى كۆرۈشنىڭ، ئاللاھقا بولغان مېھرى – مۇھەببەتنىڭ ئەڭ يۇقىرى ئىپادىسى بولغان جىھادنى تەرك قىلىدۇ. بەدىلى « جان » ۋە « قان » بولغان بىر مۇھەببەتتىن مەھرۇم بولغاندا، ئۆزىگە ئۇ بەدەلنى تۆلىگىدەك

كۆچ تاپالمايدۇ. چۈنكى، ئەمدى « مېنى ياخشى كۆرگەن ۋە مەن ياخشى كۆرىدىغان ئاللاھ نېمە دە؟ » دېيىشنىڭ ئورنىغا « پالانچى نېمە دە؟ » دېگەن سوئال كېلىشكە باشلايدۇ ئەقلىگە. ئۇ كۈنگىچە بۇ سەۋداسى ئۈچۈن مالامەت قىلغۇچىنىڭ مالامىتىدىن قورقمايتتى، ئەمما مۇھەببەت گادايلىقى سەۋەبىدىن مالامەت قىلىنىش ئەندىشىسىگە ئوخشاش بىر قىسىم ھېس – تۇيغۇلارغا غەرق بولىدۇ. تۈنۈگۈن مۇھەببىتى سەۋەبىدىن ھۆر بولغان بولسا، بۈگۈن سۆيگۈسىزلىك ئازگىلىدا نەپس، شەيتان، ئەشيا ۋە مۇھىتنىڭ ئەسىرىگە ئايلىنىپ قالىدۇ. تۈنۈگۈن سۆيگۈ سايىسىدە قىممەت ياراتقۇچى ۋە بەرگۈچى بىر كىشى بولغان بولسا، بۈگۈن مېھرى – شەپقەتسىزلىك چاڭگىلىدا داۋاملىق ئىستىمال قىلغۇچى ۋە سېتىۋالغۇچى ھالىتىگە چۈشۈپ قالىدۇ.

ياخشى كۆرۈش بېغىشلاش دېگەنلىك بولىدۇ. بىز ئىگە بولغان ئەڭ قىممەتلىك بايلىقنى، يۈرىكىمىزنى بېرىش... بېرىش دېگەن بولسام، خىيالىمغا كەلگەنچە سۈنۈش ئەمەس، بەھرىمان بولۇش مەنىسىدە بولىشى كېرەك.

كىشى باشقا بىرىگە بېرەلمىگەن، « باشقىلار » بىلەن تەڭ بەھرىمان بولالمىغان نەرسىسىنىڭ ئىگىسى بولالمايدۇ. كىشى باشقىلارغا بېغىشلىيالىغان، بېرەلىگەن نەرسىنىڭ ساھىبى بولىدۇ. بۇ سەۋەپتىن، يۈرىكىگە ئىگە بولالمىغانلار سۆيەلمەيدۇ، ياخشى كۆرەلمەيدۇ. يۈرىكى ئىشغال قىلىنغان بىر ئىنساننىڭ ياخشى كۆرىشىنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايدۇ. چۈنكى، ئۇ يەر ئىشغال قىلىنغان؛ يۈرىكىنىڭ ھاكىمىيتى ئۇنىڭ ئىلكىدە بولمىغانلىقتىن، ئۇنى باشقا بىرى بىلەن بىرگە بەھرىمان بولالمايدۇ.

بۇنداق بىر ئىشغالغا ئۇچرىغان يۈرەككە ئىگە كىشى ياخشى كۆرۈش، سۆيۈش ھەققىدە توختالغان بولسا، « سۆيدۇم، ياخشى كۆردۇم » دېگەن بولسا، سۆيگىنىگە يالغان ئادرىس يېزىلغان باغاق ئەۋەتتى دېگەنلىك بولىدۇ.

بېرىدىغان نەرسە قانچە قىممەتلىك بولسا، ئۇنى تەقدىم قىلىدىغان يېرىڭىزمۇ شۇنىڭغا لايىق ئۇلۇغ بولىشى كېرەك. مۇنداقچە ئېيتساق، بەرگەن نەرسىڭىزنىڭ قىممىتىنى بىلگەن ئاساستا تاللايسىز بېرىدىغان ئورۇننى. سۆيگۈ بېغىشلىنىدىغان ئەڭ ئۇلۇغ ماقام ئاللاھ تۇر. سۆيگۈنى بۇ يەرگە ئاتاش، ئۇنىڭغا ئەڭ يۇقىرى باھانى بەرگەنلىك بولىدۇ. بۇ، ئۆزىڭىزگە ئائىت بىر نەرسىنى ئەبەدىيلەشتۈردىڭىز دېگەنلىك بولىدۇ. چۈنكى، بېغىشلانغان نەرسىنىڭ مەسئۇلىيتى، ئاتانغان ۋاقتتىن باشلاپ بېغىشلانغۇچىغا ئائىت بولىدۇ.

ياخشى كۆرۈش بېغىشلاشتۇر. بېغىشلانغان نەرسىنىڭ ئىشلىتىش ھەققى بېغىشلانغۇچىغا ئائىت بولىدۇ. ئەگەر سۆيگىڭىزنى بىر باقىيگە ئاتىغان بولسىڭىز، ئۇنى ئەبەدىيلەشتۈردىڭىز دېگەن گەپ.

ئاللاھنى ياخشى كۆرۈش مۇھەببەتنى ئەبەدىيلەشتۈرگەنلىك بولىدۇ. سەۋەبى ئۆلۈملىك بولغان مۇھەببەتنىڭ ئۆزى ئۆلۈملىك ( چەكلىك ) بولىدۇ. سەۋەبى باقىي بولغان ئەبەدىي بولىدۇ.

بۇ نوقتىدا بىر خاتا چۈشەنچە ھەققىدە توختىلىمەن. بۇ چۈشەنچىدە مۇھەببەت، شەخسىيەت شەكىللەندۈرگۈچى ۋە كىشىگە ئۆز مەۋجۇدىيىتىنى ئەسلەتكۈچى بىر قىممەت ياراتقۇچى ۋاستە ئەمەس، دەل ئەكسىچە سۆيگۈچىنى ياخشى كۆرگەن نەرسىسى ئىچىدە يوق قىلغۇچى بىر ئىستىمال ۋاستىسى بولىدۇ. كىشىنى يېتىلدۈرگەن ۋە ئۇنى كىملىككە ئىگە قىلغان مۇھەببەتنى، مۇھەببەت بولۇشتىن زىيادە ھەۋەسكە ئايلاندۇرغان ۋە ئۇنى بىر چىلبۆرىگە ئوخشاش يەپ تۈگەتكۈچى يۈرەك چىلبۆرىسى سۈپىتىدە ئىنقىلما بەرگەن بۇ چۈشەنچە، بىرىپ توختىغان ئاخىرقى نوقتا پانتېئىزم ( ياراتقۇچى بىلەن تەبىئەتنى بىر دەپ قارايدىغان چۈشەنچە ياكى ئېتىقاد ) ئازغۇنلىقى. ھىندىستانلىق مۇتەپەككۇر تائو تىسەگە ئوخشاش، مەينەتچىلىك ئىچىدە ( تەۋبە ) ئىلاھنىڭ كۆرۈلگەنلىكىنى داۋا قىلغىدەك دەرىجىدە ئازغۇن پەلسەپە، قۇرئان ئوتتۇرىغا قويغان « خالىق - مەخلۇق » چۈشەنچىسىگە پۈتۈنلەي زىت.

ياخشى كۆرۈش، بەزىلەر داۋا قىلغاندەك يوق بولۇش ئەمەس، ئەكسىچە « مۇھەببەت ئىچىدە مەۋجۇت بولۇش » دېگەنلىك بولىدۇ. مەۋجۇت ئىكەنلىكىدىن خەۋەردار بولۇش دېگەنلىك بولىدۇ. سۆيۈش، ياخشى كۆرۈش كىشىنىڭ ئۆز مەۋجۇتلۇقىنى ئىسپاتلاشنىڭ ئەڭ قىسقا يولى. چۈنكى، مۇھەببەت، كىشىلىكنى مۇھاپىزەت قىلغان ھالدا پۈتۈنلىششىنى بىلدۈرىدۇ. مۇھەببەت بىر - بىرىدە يوق بولۇش ئەمەس، ئەكسىچە بىر – بىرىدە مەۋجۇت بولۇشنى كۆرسىتىدۇ. مۇھەببەتنى قارشى تەرەپتە يوق بولۇش دەپ ئويلاپ قالغانلار، ئۇنى تەك يۆنىلىشلىك دەپ قوبۇل قىلىپ، ياخشى كۆرگۈچىنىڭ سۆيگۈنىدە ئېرىپ يوق بولىدىغانلىقىنى داۋا قىلىدۇ. ھالبۇكى، مۇھەببەت قوش يۆنىلىشلىك بولىدۇ. بۇ ھەققەت ئاللاھ بىلەن بەندە ئوتتۇرىسىدىكى ياخشى كۆرۈشتىمۇ شۇنداق: « ئاللاھ ئۇلارنى ياخشى كۆرىدۇ ( دوست تۇتىدۇ )، ئۇلارمۇ ئاللاھنى ياخشى كۆرىدۇ ( دوست

تۇتىدۇ ) » ( مائىدە، 54 ). مۇھەببەت باشقا بىرسىگە ھۇلۇل ( كىرىش، ئۇنىڭدا يوق بولۇش ) ئەمەس، بەلكى ئۆزگىدە كىشىنىڭ « ئۆزلىكى »نى ھېس قىلىشى، مەۋجۇتلىقىنى بىلىپ يېتىشىدۇر.

بىر سۆيگۈ باشقا بىرسىدە ئۆزىنى يوقۇتۇپ قويسا، ئۇ سۆيگۈ مۇھەببەت ئەمەس بالا بولىدۇ. قارشى تەرەپ خۇددى مەشۇق ئەمەس، ئۆزىگە قونغان جانلىقنى ئېرىتىپ يۇتىۋالىدىغان جانىۋار ئۆسۈملۈك دەپ ئاتالغان نەپەنتىس گۈلىگە ئوخشاپ قالىدۇ.

كىشىنى، ياخشى كۆرگەن تەرەپتە يوق قىلىدىغان بىر مۇھەببەت، قىممەت ياراتقۇچى ئەمەس، ئىستىمال قىلغۇچى بىر سۆيگۈ بولىدۇ. يەنى زۇلەيخانىڭ يۈسۈپ ( ئەلەيھىسسالام )كە بولغان مۇھەببىتىگە ئوخشاش بولۇپ، ھەم ئۆزىنى ھەم قارشى تەرەپنى تۈگەشتۈرىدۇ. چۈنكى ئۇ سەۋدا ئۆزىنى يوقۇتۇپ، تىزگىنلىگىلى بولمايدىغان بولۇپ قالغان، « ئاق سەۋدا »لىقتىن « قارا سەۋدا »غا ئايلانغاندى. بۇ قۇرئاندا تىلغا ئېلىنغاندەك، كۆيدۈرۈپ كۈل قىلىۋېتىدىغان بىر نەرسىگە ئايلانغاندى: « < سەۋدا ئۇنىڭ باغرىنى كۈل قىلىپتۇ > دېيىشتى » ( يۈسۈپ، 30 ). شۇنداق، ئۇنى تۈگەشتۈرگەن بولۇپ، بۇ سەۋەپتىن زۇلەيخا ئۆزىنى تۈگەشتۈرگۈچىدىن ئىنتىقام ئالماقچى بولغاندى. ئەلۋەتتە، بۇ ئىنتىقام يەنە قايتىپ ئۇنى تۈگەشتۈرەتتى ۋە بۇ شەكىلدە ئۇنىڭدا نامايەن بولاتتى. شۇنداق ياخشى كۆرگەن تۇرۇپمۇ؟ شۇنداق، شۇنداق ياخشى كۆرگەن بولسىمۇ، ئىنتىقام ئالماقچى بولغاندى.

بۇنداق مۇھەببەت، ھەر قانداق كىشى ئۈچۈن يوللۇق ئەمەس. توغرا بولغان مۇھەببەت، ئەقلىدىن ئازدۇرمايدۇ، ئەكسىچە ئەقلىنى لايىق بولغان ئورنىغا قويىدۇ. بەزىلەر داۋا قىلغاندەك، ئاللاھقا بولغان مۇھەببەت سەۋەبىدىن ئەقلىنى يوقىتىۋېتىپ قويغىلى بولمايدۇ. ئاللاھنى ياخشى كۆرىدىغان كىشى، ئۇ جايى – جايىدا قىلىپ ياراتقان ۋە ھېكمەت بىلەن ئورۇنلاشتۇرغان ئەقلىنى نېمە سەۋەپتىن ئەسلى ئورنىدىن ئېلىۋېتىدۇ؟ نېمە سەۋەپتىن ياخشى كۆرگەنلىكىنى داۋا قىلغۇچى زاتنىڭ ھېكمىتىگە قول تەككۈزۈشكە پېتىنىدۇ؟ بۇنداق بىر ئىش، زۇلەيخانىڭ يۈسۈپنى قامچىلىتىشى ۋە بۇنى ياخشى كۆرگەنلىكى ئۈچۈن، مۇھەببەتنىڭ ئەڭ يۇقىرى پەللىسى بولغان ئاشىق ئۈچۈن قىلغانلىقىنى داۋا قىلغانلىقىدەك ئەھمەقلىقتىن باشقا نەرسە ئەمەس.

شۇنداق، بۇ ئىچ – ئىچىدىن يەپ تۈگىتىشىنىڭمۇ مۇھەببەتنىڭ بىر تۈرى

ئىكەنلىكدە شەك يوق. لېكىن، نورمال ۋە قىممەت ياراتقۇچى ئەمەس، بىنورمال ۋە خوراتقۇچى بىر مۇھەببەت بۇ. ئەگەر زۇلەيخا ئاررۇيىغا يەتكەن بولسا، ئۇ مۇھەببەت ھەم ئۆزىنى ھەم قارشى تەرەپنى ئازاپقا دۇچار قىلاتتى.
ئاللاھنى ياخشى كۆرۈش ئۈچۈن، ئاللاھ ئۆزى ياخشى كۆرۈپ ياراتقان ئىنسانىنىڭ مۇۋازىنىتىنى بۇزۇش، ھەۋەس قىلغۇدەك بىر ئىش بولغان بولسا ئىدى، بۇنى ئەڭ باشتا ئاللاھنى ياخشى كۆرۈشتە باشقىلار تەڭ بولالمايدىغان رەسۇلۇللاھ ۋە ساھابىلىرى قىلغان بولاتتى. چۈنكى پەيغەمبەرلەرنىڭ، بىزدىن بەكرەك ياخشى بىلىدىغان ۋە تونۇيدىغان ئاللاھ تائالاھنى لايىقىدا ياخشى كۆرمەيدىغانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايدۇ.
ئاللاھ رازى بولغان ۋە ئۇلارمۇ ئاللاھتىن رازى بولغان ساھابىلەرمۇ ھەم شۇنداق. ئۆزى ياخشى كۆرگەن ئاللاھ ۋە رەسۇلى يولىدا، مۇھەببەتنىڭ ئەڭ يۇقىرى بەدىلى بولغان جان ۋە قانلىرىنى پىدا قىلالىغان ساھابىلەر ئىچىدىن ھەر خىل كىشىلەر چىققان بولىشى مۇمكىن، ئەمما ئاللاھقا بولغان مۇھەببىتىدىن ساراڭ – دىۋانى بولغانلىقى بايان قىلىنغان؛ جېنىدىن ئارتۇق كۆرگەنلىكى بىزگە مەلۇم بولغان بۇ ئىككى مەۋجۇدىيەت ئۈچۈن، قەلبىدە پەيدا بولغان مۇھەببەت سەۋەبىدىن، ئەقلىدىن ئېزىپ « مەجزۇپ ( ئەقلى – ھۇشۇنى يوقاتقان بىرى ) »قا ئايلىنىپ قالغان بىرى چىقمىغانىدى. ئاللاھنى ئاللاھ رەسۇلىدىنمۇ بەك ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى داۋا قىلىۋاتقان كىم؟ بۇنى ئىپىتىشقا كىم پېتىنالايدۇ؟ ھەم ئەڭ ياخشى ئۆرنىكىمىز بولغان رەسۇلۇللاھ ۋە ئۇنىڭ قولىدا تەربىيلىنىپ چىققان نەسلىنىڭ بۇ مەسىلىدە تۇتقان يولى بىز ئۈچۈن ئۆرنەك ئېلىشقا تېگىشلىك ئەڭ توغرا يول ئەمەسمۇ؟
ئاللاھنى روھى بىلەن، قەلبى بىلەن ياخشى كۆرگۈچىلەرنىڭ ئەقلىنى ئالمايدۇ مۇھەببەت. ئاللاھنى ئەقلى بىلەن سۆيگۈچىلەرنىڭ ئەقلى ئۇلاردىن كۆتۈرلۈپ كېتىدۇ. چۈنكى مۇھەببەت « بىلىش » ئەمەس، « تونۇش » دېگەنلىك بولىدۇ. ئەقىل بۇنى كۆتۈرەلىگۈدەك دەرىجىدە ئەمەس:
ئىدراكى مەئالى بۇ كوچۈك ئاقلا گەرەكمەز،
زىرا بۇ تەرازى بۇ قەدەر سىكلەتى چەكمەز.
يەشمىسى:
ئۇنى ئىدراك ئۈچۈن بۇ كىچىك ئەقىلگە كېرەك يوق،
چۈنكى بۇ تارازا بۇ ئېغىرلىقنى كۆتۈرەلمەيدۇ.
شۇنداق، ئەقىل تارازىسى بۇ ئېغىرلىقنى كۆتۈرەلمەيدۇ، ئىنچىكە بىر

يەردىن ئېغىپ كېتىپ قالىدۇ.

ئالدى بىلەن ئادرىسنى توغرا بەلگىلەش لازىم. مۇھەببەتنىڭ يېرىنى، ئادرىسىنمۇ توغرا ئېنىقلاپ چىقىش كېرەك. مەن بىلىدىغان بىر نەرسە بار، يەنى ئاللاھقا ئەڭ يۇقىرى پەللىدە ئاشىق بولغان رەسۇلۇللاھ ۋە ساھابىلىرى ئارىسىدىن مەجنۇن ۋە مەجزۇپ كىشىلەر چىقمىغان. ئۇنىڭدىن باشقا، ئاللاھ رەسۇلى ۋە ساھابىلىرى ئاللاھنى شۇنداق ياخشى كۆرۈشتىن ۋە سۆيگىنى ئۈچۈن، ئىشقىنىڭ ئەڭ يۇقىرى بەدىلىنى تۆلەشتىن بىر سىكۇنت بولسىمۇ ئۆزىنى چەتكە تارتمىدى.

ئىسلامدىكى جىھاد پەرزى، بەندىنىڭ ئاللاھقا بولغان سۆيگۈسىنىڭ ئەڭ يۇقىرى پەللىدىكى ئىپادىسى. چۈنكى مۇھەببەتنىڭ چوڭلۇقى ئۇنىڭغا كۆرسەتكەن پىداكارلىق بىلەن ئوڭ تاناسىپ بولىدۇ. ئىنسان ئىگە بولغان ئەڭ چوڭ بايلىق « جان ». كىشى ئىگە بولغان بۇ بىباھا بايلىقنى، ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى داۋا قىلغان زات يولىدا، مۇھەببىتىنىڭ بەدەلى سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا قويىدۇ ۋە بۇ ئارقىلىق مۇھەببىتىنى ئىسپاتلايدۇ. بۇنداق بولمىسا، ئىسپاتلانمىغان سۆيگۈنىڭ ئىچى بوش، يالغان بولۇپ، قۇرۇق بىر داۋادىن باشقا قىممىتى يوق، خالاس. ئۇنى ياراتقۇچىمۇ، يارالغۇچىمۇ ئېتىبارغا ئالمايدۇ.

بۇ ئەھۋالدا بىز چىقىرىدىغان ئەڭ توغرا ھۆكۈم مۇنداق بولىدۇ: ئۆزىنى ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ يولىغا ئاتىغانلار، ئاللاھنى ياخشى كۆرگۈچىلەردۇر. بۇ سەۋەپتىن شاھادەت ئەڭ ئۇلۇغ ئاشقتۇر، شېھىت – مۇھەببىتىنى قان ۋە جېنى بىلەن ئىسپاتلىغان مەڭگۈلۈك ئاشىقتۇر. بۇ ئىشق شۇنداق بىر ئىشقكى، بۇ مۇھەببەت ئۈچۈن بىر ئەمەس، مىڭ قېتىم ئۆلۈشكە ئەرزىيدۇ. بۇ مۇھەببەت ئىنسانغا، « ئەي گۈل يۈزلۈك گۈزەل ئۆلۈم، سېنى مىڭ قېتىم ئۆلىمەن » دېگۈزىدۇ. بۇ ئىشقىنىڭ پەيغەمبەر ئاغزىدىكى ئىپادىسى: « مۇھەببىتىنى قېنى بىلەن ئىسپاتلىغان شېھىت، بۇ ئىشنى ( تىرىلىپ جىھاد قىلىپ ئۆلتۈرۈلۈشنى ) قايتا – قايتا قىلىشنى ئارزۇ قىلىدۇ ». ئەڭ توغرىسى بۇ ئەمەسمۇ؟

ئاشىق ئۆلدۈر كىم قىلۇر جاننى فەدا جانانىنا،
مەيلى جانان ئەتمەسىن ھەر كىم كى قىيماز جانانىنا.
جانانىنى جانانە ۋەرمەكتىر كەمالى ئاشىغىن،
تەركى جان دەرلەر بۇ دەردىن مۇتەبەر دەرمانىنا.

يەشمىسى:
ئاشىق ئۇدۇركى كىم قىلسا جېنىنى پىدا جانانىغا،
مەيلى ئۇ جانان قىلمىسۇن ھېچكىم قىيالماس جانانىغا.
ھاياتىنى جانانىغا ئاتاشتۇر كامالى ئاشىقنىڭ،
تەركى جان دەيدۇ بۇ دەردىنىڭ مۆتىۋەر دەرمانىغا.

مۇھەببىتىڭىزنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن، ۋاقتى كەلگەندە ئىبراھىمغا ئوخشاش ئوتنىڭ ئوتتۇرىغا ئۆزىڭىزنى ئېتىشىڭىز كېرەك. سىزدىن تەلەپ قىلىنغاندا مۇشۇنداق ئىسپاتلايسىز مۇھەببىتىڭىنى. ئەلۋەتتە ئۇمۇ ئىسپاتلايدۇ مۇھەببىتىنى. ئىلكىدە تۇتقان ئوتقا ئەمر قىلىپ: « يا نارۇ كۇنى بەردەن ۋە سەلامەن ئەلا ئىبراھىم ( ئى ئوت! ئىبراھىمغا سالقىن ۋە ئامانلىق بەخش ئېتىدىغان بولۇپ بەرگىن ) » ( ئەنبىيا، 69 ) دەيدۇ.

ئوتمۇ ئىگىسىنىڭ بۇ ئەمرىگە بويسۇنۇپ، مۇھەببەتنى كۆيدۈرۈپ كۈل قىلمايدۇ؛ سۆيگەن ۋە ياخشى كۆرۈلگۈچىگە سالقىن ۋە ئامانلىق بەخش ئېتىدىغان بولۇپ بېرىدۇ. بۇ مۇھەببەتنى ئاجىزلاشتۇرۇپ قويماي دەپ داۋاملىق ئەندىشە ئىچىدە بولىشىڭىز كېرەك. ھەم جېنىڭىزنى ئاتىشىڭىز ھەم قورقىشىڭىز كېرەك. ھەم ئوتقا ئاتىلىشىڭىز ھەم ئۇ سۆيگۈدىن مەھرۇم بولۇپ قېلىشتىن ئەندىشە قىلىشىڭىز لازىم. مانا بۇ تەقۋالىق.

## تەقۋالىق مۇھەببەتنىڭ ئەڭ يۇقىرى پەللىسى

بۇ ئۇقۇم تۈركچىگە « ساقلاش، تارتىش » شەكلىدە تەرجىمە قىلىنىدۇ. ئالەمشۇمۇل ۋە مەنىسى كەڭ بولغان بۇ ئۇقۇمنى ھېچقانداق بىر سۆزلۈك تۈركچىدە تولۇق ئىپادە قىلالمايدىغانلىقىنى بىلىمەن. ئۇنى پەقەت بىر سۆز بىلەن ئىپادىلەشنى مۇۋاپىق كۆرىمەن، يەنىلا « تەقۋا » بىلەن ...

تەقۋانىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلىش، ئۇنى ھاياتقا تەدبىقلاش ۋە باشتىن ئۆتكۈزۈش بىلەن مۇمكىن بولىدۇ. ئەمما، تەقۋانىڭ پەقەت قورقۇش دېگەن مەنىنى بىلدۈرمەيدىغانلىقىنى ئېيتالايمەن.

بۇ ئۇقۇم ئۆز ئىچىگە ئالغان مەنىلەر ئىچىدە قورقۇشمۇ بار. لېكىن بۇ قورقۇش ئوت، جەھەننەم، ئازاپ، غەزەپتىن قورقۇش ئەمەس. ئۇنى « خاۋف » دەيدۇ، ئۇ مېھرى - مۇھەببەتتىن خالىي بولىدۇ.

ئۇنداقتا ئۇ نېمە؟ تەقۋادىكى قورقۇش، بەندىنىڭ رەببى بىلەن ئۆزى ئارىسىدىكى مۇھەببەتنىڭ ئاجىزلىشىپ قېلىشىدىن تۇيغان ئەندىشىسى بولۇپ، ئۇ ئوتتا كۆيدۈرىدۇ دەپ ئەمەس، بەلكى ئۇ مېنى ياخشى كۆرمەي قالىدۇ دەپ قورقۇپ، ئەنسىرەشنى بىلدۈرىدۇ. ئازاپنىڭ ئەڭ چوڭى، ئۇنىڭ ياخشى كۆرمەسلىكى بولۇپ، تەقۋا، كىشىنىڭ ئاللاھ بىلەن ئارىسىدا شەكىللەندۈرگەن مېھرى – مۇھەببەتنى سۇسلاشتۇرۇپ قويۇشتىن ئەنسىرەپ ھەر ۋاقىت سەگەك تۇرىشى، ئۇ مېھرى – مۇھەببەتنى كۆز قارچۇغىنى ئاسرىغاندەك ئاسرىشنى كۆرسىتىدۇ. بۇ ئەھۋالدا كىشى، ۋەدۇد بولغان ئاللاھ هارام قىلغان نەرسىلەرنى، ئىشلارنىلا ئەمەس، ئۇنىڭ ياقتۇرماي قېلىش ئېھتىمالى بولغان ھەر نەرسە ۋە ئىشنى تەرك قىلىدۇ؛ ئۇنىڭ ئەمرلىرىگە ئىتائەت قىلىپلا قالماي، ئۇنى خوشال بولىدۇ دەپ قارالغان ئىشلارغا ئۆزىنى ئاتىدۇ. پۈتۈن بۇلارنى قىلغاندا باشقا مەقسەتلەرنى ئىشقا ئارىلاشتۇرمايدۇ. پەقەت ئاللاھقا بولغان مۇھەببىتىنى مۇھاپىزەت قىلىشنى، ئۇنى سۇسلاشتۇرۇپ قويماسلىقنى مەقسەت قىلىدۇ. تەقۋالىقتا، قورقۇدىن تىترەشنىڭ سەۋەبى مۇكاپات ياكى جازا بولماستىن، بەلكى مېھرى – مۇھەببەت. تەقۋالىق، ئاللاھقا بولغان مۇھەببەتنىڭ ئەڭ يۇقىرى پەللىسى. مېھرى – مۇھەببەت، ئۈمىت، قورقۇ... بۇ ئۈچ ئامىل ئىنسان مەنىۋى دۇنياسىدا مەيدانغا كەلتۈرگەن روھىي ھالەتنىڭ ئىسمى تەقۋا. قەلبتە مېھرى – مۇھەببەت، ئۈمىت، قورقۇ بىرلىكتە پەقەت يالغۇز ئاللاھ ئۈچۈنلا ھېس قىلىنىدۇ. بۇلارنى ئاللاھتىن غەيرىگە ھېس قىلىش، ئۇ نەرسىنى « ئىلاھ » قىلىۋالغانلىق بولىدۇ، بۇنىڭدىن قىلچە شۈبھىگىز بولمىسۇن.

ئىنسان بىرسىنى پەقەت ياخشى كۆرىشى مۇمكىن، بۇ ئەقىدىۋي مەسلە، خاتالىق ھاسىل قىلمايدۇ. ئىنسان بىرسىدىن ئۈمىد كۈتىشى ياكى بىرسىدىن قورقىشى مۇمكىن. لېكىن، بۇ ئۈچىنى بىراقلا ئاللاھتىن غەيرىگە ھېس قىلالمايدۇ. بۇنداق قىلىش ئۇنىڭغا ئورتاق قوشقانلىق بولىدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسىنى بىر تەك ئاللاھقا ھېس قىلىش كىشىنى، ماختاشقا ئەڭ لايىق ماقامغا يەتكۈزۈپ « مۇتتەقى » قىلىدۇ. بۇ ئۈچ ئايرىم روھى ھالەت، ئىنساندىكى ئۈچ خىل ئوخشىمىغان ئاڭنىڭ ئاساسلىق ئاملى. ئۇلۇھىيەت، رۇبۇبىيەت ۋە ئۇبۇدىيەت چۈشەنچىسى...

بۇ ئۈچىنى بىراقلا ئاللاھتىن غەيرىگە ھېس قىلىش ئۇياقتا تۇرسۇن، مۇئمىننىڭ باشقا بىرىنى ئاللاھنى ياخشى كۆرگەندەك ياخشى كۆرىشكە

ئاللاھ رازى بولمايدۇ. بۇنداق ئەھۋالنى ئاللاھ « ئۆزىگە شېرىك قوشقانلىق » دەپ ئاتىماقتا:

« بەزى ئادەملەر ئاللاھتىن غەيرىيلەرنى ئاللاھقا شېرىك قىلىۋالىدۇ، ئۇلارنى ئاللاھنى ياخشى كۆرگەندەك ( دوست تۇتقاندەك ) ياخشى كۆرىدۇ ( دوست تۇتىدۇ )، ( يەنى ئۇلۇغلايدۇ ۋە ئۇلارغا بويسۇنىدۇ ). مۇئمىنلەر ئاللاھنى ھەممىدىن بەك ياخشى كۆرىدۇ ( دوست تۇتىدۇ ) » ( بەقەرە، 165 ).

بۇ ياخشى كۆرۈش بىلەن مۇناسىۋەتلىك ھۆكۈم. ئەمدى قورقۇشقا مۇناسىۋەتلىك بولغان ئايەتنى ئوقۇپ باقايلى :

« بۇلارغا جىھاد پەرز قىلىنغان چاغدا، ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى بىر تۈركۈم كىشىلەر دۈشمەندىن گويا ئاللاھ ( نىڭ ئازابى ) دىن قورققاندەك بەلكى ئۇنىڭدىنمۇ بەتتەررەك قورقىدۇ. ئۇلار: رەببىمىز! بىزگە نېمە ئۈچۈن جىھادنى پەرز قىلدىڭ؟ نېمە ئۈچۈن بىزنى ئۇزاقتا قالماي كېلىدىغان ئەجەلگىچە تەخىر قىلمىدىڭ؟ دېدى. ئېيتقىنكى، دۇنيانىڭ مەنپەئىتى ئازدۇر، تەقۋالار ئۈچۈن ئاخىرەت ياخشىدۇر، سىلەرگە قىلچىلىك زۇلۇم قىلىنمايدۇ » ( نىسا، 77 ).

ئاللاھنى ياخشى كۆرگەندەك باشقا نەرسىلەرنىمۇ ياخشى كۆرگەنلەرنىڭ ئەھۋالىنى بايان قىلغان ئايەتنىڭ ئۇسلۇبى بىلەن، ئاللاھتىن قورققانغا ئوخشاش، باشقىلاردىن قورققانلارنىڭ ئەھۋالىنى بايان قىلغان ئايەتنىڭ ئۇسلۇبى ئارىسىدىكى روشەن پەرققە دىققەت قىلىڭ. قورقۇش مۇھەببەتكە قارىغاندا، جازادىمۇ مۇھەببەتنىڭ ھوشقىغا تەڭ بولالمايدۇ. ناتوغرا مۇھەببەتنىڭ جازاسى، خاتا قورقۇنىڭ جازاسىغا قارىغاندا ناھايىتى ئېغىر. ئاللاھنى ياخشى كۆرگەندەك ياخشى كۆرۈش شېرىك دەپ بايان قىلىنىدۇ، ئاللاھتىن قورققاندەك قورقۇش پەقەت ئۇنىڭ يېرىمىغا تەڭ كېلىدۇ، بۇ مۇھەببەتنىڭ ئۇلۇغلىقىنىڭ بىر مىسالى.

مېھرى – مۇھەببەتكە بېرىلگەن بۇ ئىمتىياز شۇنى كۆرسىتىپ بېرىدۇكى، ئۇ تۇيغۇلارنىڭ ئەڭ ئالىيسى. ئەگەر ياخشى كۆرۈش دەل جايىنى تاپقاندا، ئىگىسىنىمۇ مۆتىۋەر قىلىدۇ. ئەكسىچە بولغاندا، ئىگىسىنى خار قىلىدۇ. ئۇنى دەل جايىغا ئىشلەتمىگەنلەر باشقىلار تەرىپىدىن پايدىلىنىدۇ.

كۆڭلى يۇمشاق بولۇش، ئۆزىنى تۆۋەن تۇتۇش، ياخشى كۆرۈش مۆتىۋەر قىلغان كىشىلەردە تېپىلىدىغان پەزىلەت بولۇپ، بۇنىڭ ئەكسىچە بولغان تەكەببۇرلۇق ۋە كىبىر، ياخشى كۆرۈشتىكى گادايلىقنىڭ تەبىئىي نەتىجىسى.

ئايەتى كەرىمەدىكى تەرتىپ بۇنىڭ ئەڭ گۈزەل ئىپادىسى: « ئاللاھ ئۇلارنى ياخشى كۆرىدۇ، ئۇلارمۇ ئاللاھنى ياخشى كۆرىدۇ. ئۇلار مۆئمىنلەرگە كۆيۈمچان، كاپىرلارغا شەپقەتسىز ». شۇنداق، مۇتلەق خارلىق مەنىسىنى ئىپادىلەيدىغان « زىللەت ( خارلىق ) »مۇ ياخشى كۆرۈش بىلەن بىرلەشسە، قاناتلىنىپ پەرۋاز قىلىدۇ، ئىگىسىنى مۆتىۋەر قىلىدۇ ۋە مەدھىيلەنگەن پەزىلەتكە ئايلىنىدۇ. خۇددى تۆۋەنچىلىككە ئوخشاش خارلىقتىن پەزىلەت ئىگىسىگە ئايلىنىدۇ. شۇنداق ئەمەسمۇ؟ پەسلىك، ئۆز ئالدىغا كەلگەندە كىشىنى يىرگەندۈرىدىغان بىر ئەھۋال؛ ئۇ كۆڭۈلنىڭ، مېھرى – مۇھەببەت تۇيغۇسى بولغان كۆڭۈلنىڭ يېنىغا كەلگەندە، بىردىنلا قاناتلىنىپ پەزىلەتكە ئايلىنىدۇ، تۆۋەن + كۆڭۈل، يەنى ئۆزىنى تۆۋەن تۇتىدىغان بىر ئارتۇقچىلىققا ئايلىنىدۇ. كەمتەرلىك قىلىدىغان يەردە كەمتەرلىك قىلماسلىق ئەسلىدە پەسلىك بولىدۇ. مۆئمىنگە قارىتا كىبىرلىنىش، ھاكاۋۇرلۇق قىلىش پەسلىك بولۇپ، ئۇنىڭ تېگىدە مېھرى – مۇھەببەتتىن يوقسۇنلۇق ياتىدۇ.

يەنە ئايەتنىڭ داۋامىدىن شۇنى كۆرىۋالالايمىزكى، كاپىرلارغا قارشى كۆرسىتىلگەن جەسۇرلۇق ۋە شىجائەتنىڭ مەنبەسىمۇ ياخشى كۆرۈش. ياخشى كۆرۈش ئىنساننى تەرەپتار قىلىدۇ. كىمنىڭ تەرەپتارى قىلىدۇ؟ ئەلۋەتتە، ياخشى كۆرگىنىڭىزنىڭ تەرەپتارى بولىسىز. ئەگەر ياخشى كۆرگىنىڭىز، دوستىڭىز ئاللاھ بولغان بولسا، سىزمۇ ئاللاھ تەرەپتارى ( ھىزبۇللاھ ) بولىسىز. بۇ ئەھۋالدا، دوستىڭىزنىڭ دوستلىرىغا دوست، دۈشمەنلىرىگە دۈشمەن بولىسىز.

كاپىرلار ئالدىدا قورقۇنچاق ۋە توخۇ يۈرەك بولۇشنىڭ سەۋەبىمۇ ياخشى كۆرۈش گادايلىقىدىن كېلىپ چىقىدۇ. ئەڭ ئېغىر پەسكەشلىك، سەۋەبى ياخشى كۆرۈشتىن يوقسۇن قورقۇنچاقلىق. يىغىنچاقلىغاندا، سۆيۈش جەسۇرلۇقتۇر.

ئەڭ ياخشىسى سەن باشقا نەرسىدىن ئەمەس، ياخشى كۆرەلمەسلىكتىن، سۆيەمەسلىكتىن قورققىن. سۆيگۈنى جايىدا ئىشلىتەلمەسلىكتىن، ھەر دەرتكە داۋا بولغان بۇ دورىنى ئۈلۈشلەشتە سەۋەپ قىلىپ ئىشلىتىشتىن قورققىن. ياخشى كۆرۈشتىن ئىبارەت مەنبەسى ئىلاھىي بولغان بىر تۇيغۇنى خاتا ئىشقا ئىشلەتكەن ۋاقتىڭدا، قارشى تەرىپىڭدە ئاللاھنى كۆرىسەن. مانا بۇ نوقتىدا ئاللاھ قىزغىنىدۇ. رەسۇلۇللاھتىن نەقىل قىلىنغانلىقى بايان قىلىنغان بىر خەۋەردە: « سائاد ( بىن ئەبى ۋەققاس ) نىڭ كۈندەشلىكى يامان، مەن

سائادتىنمۇ بەكرەك كۆندەشلىك قىلمەن، ئاللاھنىڭ كۆندەشلىكى مەندىنمۇ بەك كۈچلۈك » دېگەن.

ئاللاھنىڭ گۈزەل ئىسىملىرىدىن بىرسى « غەيۇر »، يەنى « كۆنلەيدىغان، قىزغىنىدىغان » مەننى بىلدۈرىدۇ. بەندىنىڭ ئۇلۇھىيەت ۋە رۇبۇبىيەت نوقتىسىدا باشقىسىدىن قىزغىنىشى ۋە چەتكە تارتىشى. پەقەت ئۆزى ئۈچۈن يارىتىپ، ھەممە نەرسىنى بويسۇندۇرۇپ بەرگەن بەندىسىنىڭ ئۆزىدىن غەيرىنى ياكى ئۆزىگە باشقىسىنى قوشۇپ ئىلاھ قىلىۋېلىشى ( شېرىك )نى بۇ سەۋەپتىن ئەپۇ قىلمايدۇ. غەيۇر بولغانلىقى ئۈچۈن، ۋەدۇد بولغانلىقى ئۈچۈن، بەندىلىرىنىڭ بۇ نوقتىدىكى خاتالىقىنى قەتئىي ئەپۇ قىلمايدۇ، ئۇنىڭدىن باشقا گۇناھلارنى ئەپۇ قىلىدىغانلىقىنى ئېيتقان بولسىمۇ، لېكىن بۇ ( شېرىك )نى ئەپۇ قىلمايدىغانلىقىنى بىلدۈرمەكتە.

رەببى رەھمانىنىڭ بۇ غەيرىتىگە قارشى، ئىنسانىنىڭ ئۆزىگە بۇت، تاغۇت، جانلىق – جانسىز مەخلۇق، ئىدىئولوگىيە، تېخنىكا، قىسقىسى ئاللاھتىن غەيرىنى شېرىك قىلىشىنى كەچۈرمەيدۇ. كەچۈرمەيلا قالماستىن قاتتىق جازالايدۇ. مۇھەببەت ( ئىمان ) ئۆرلەش بولۇپ، بۇ ئاسمانلارنى ئېشىش، زامان ۋە ماكاننى ھالقىشتۇر. مانا بۇ ئاللاھنىڭ بەندىسىگە بولغان مۇھەببىتى.

بەندە ئۇنىڭغا شېرىك كەلتۈرۈش بىلەن بۇ مۇھەببەتكە خىيانەت قىلسا، بۇ ئۇ بەندىنىڭ ئاسماندىن پارشۇتسىز چۈشۈشى دېگەنلىك بولۇپ، بۇ چۈشۈشنىڭ دەھشىتىنى ئىپادىلەشكە تىل ئاجىزلىق قىلىدۇ. سەيرانى ياخشى كۆرۈشنى يوقۇتۇپ قويغان كىشىنىڭ ھالىنى نېمىدىگەن گۈزەل شەكىلدە ئىپادىلىگەن:

زور گۈنۈلدەن دۈشمە گۆكتەن دۈشمەدەن بەن بىلىرىم،
قەلبىپى سۇلتاندان دۈشەن قۇل پارچاسىندان پارە بۇل.
يەشمىسى:
ئېگىز كۆڭۈلدىن قېلىش، كۆكتىن چۈشمەستىن مەن بىلىمەن،
قەلبىپى سۇلتاندىن چۈشكەن قۇل پارچىسىدىن پارچە تاپ.

تاغۇتقا ئوخشاش، ئىنسان ئۆز جىنسىدىن بىرسىنى، بۇتقا ئوخشاش ئۆز قولى بىلەن ياسىغاننى ياخشى كۆرىشىنىڭ ۋە تاغۇتقا ئوخشايدىغان شەخسى ياكى رەسمىي ھوقوق مەركەزلىرىنى؛ ئاززۇ – ھەۋەسكە ئوخشاش ئوي – خىيال، تۈزۈم، سىستېما، ئىدىئولوگىيە ۋە ئېقىملارنى « رەب » قىلىۋېلىشىنىڭ

ئاللاھنى قانداق غەزەپلەندۈرگەنلىكىنى، پۈتۈن ئىنسانلارغا خىتاپ قىلغان ۋە ئىنسانىنى قورقۇدىن يىلىكىدىن تارتىپ تىترىتىدىغان بۇ ئايەتتىن كۆرىۋالالايمىز:

« ئاللاھقا باشقا مەبۇدنى شېرىك قىلمىغىن، بولمىسا مالامەت قىلىنغان، ( ئاللاھنىڭ رەھمىتىدىن ) قوغلانغان ھالدا جەھەننەمگە تاشلىنىسەن » ( ئىسرا، 39 ).

ئۆمرىدە بۇتقا ئىبادەت قىلىپ باقمىغان ۋە كېيىنكى ھاياتىدىمۇ ئىبادەت قىلمايدىغانلىقى مۇتلەق بولغان رەسۇلۇللاھ نىڭ كۆڭلىنى سابىت تۇتۇشى ئۈچۈن، تىللارغا داستان مۇھەببەتكە داغ چۈشۈرمەسلىك ئۈچۈن ئاگاھلاندۇرۇش ئىدى بۇ. ئاگاھلاندۇرۇش ئۇسلۇبىنىڭ قاتتىقلىقى، مېھرى – مۇھەببەتنىڭمۇ چوڭلىقىنى نامايەن قىلغانىدى.

## كىمنى ۋە قانداق ياخشى كۆرۈش؟

« كىمنى ياخشى كۆرۈش؟ » بۇ سوئالغا توغرا جاۋاپ تېپىش يېتەرلىك بولمايدۇ، « كىم نېمە ئۈچۈن سۆيىدۇ؟ » سوئالىغىمۇ توغرا جاۋاپ تېپىش كېرەك. ئەگەر بىرىنچىسىگە توغرا جاۋاپ بېرىش كۇپايە قىلغان بولسا ئىدى، شەيتان قوغلاندى قىلىنمايتتى. ئۇ ئاللاھنىڭ رەب ئىكەنلىكىنى ھېچقاچان ئىنكار قىلمىدى. لېكىن ئاللاھ ياخشى كۆرگەننى ياخشى كۆرمىدى، دوست تۇتقاننى دوست تۇتمىدى، ھەتتا ئۇنىڭ ( ئادەم )غا ھەسەت قىلدى، ئاللاھنى ئۇنىڭدىن قىزغاندى.

بۇ قىزغىنىش بىلەن باشقىسىنى ئاربلاشتۇرىۋالمايلى. چۈنكى ئىككىسىنىڭ سەۋەبى ئوخشىمايدۇ. بۇنى سىز ئۆيىتىپ بېقىڭ. شۇنداق، بىلدىڭىز، يەنىلا « ياخشى كۆرۈش ». غەيۇرنىڭ غەيرىتىنىڭ سەۋەبى مۇھەببەت بولدى، شەيتاننىڭ قىزغانچۇقلۇق قىلىشىنىڭ سەۋەبى « ياخشى كۆرەلمەسلىك » بولدى. ياخشى كۆرەلمەسلىك ھەسەتنىڭ باشقىچە ئاتىلىشى، خالاس.

ئۇنى ياخشى كۆرۈش كۇپايە قىلمايدۇ، ياخشى كۆرگىنىنى ئۇنىڭ ئۈچۈن ياخشى كۆرۈشىڭىز لازىم. ئۇ ياخشى كۆر دېگەننى ياخشى كۆرىشىڭىز كېرەك.

ئۇ نىمنى، قانچىلىك ياخشى كۆرىشىمىز كېرەكلىكىنى ۋەھيي ئارقىلىق كۆرسىتىپ، چېگرالار بەلگىلەپ بەرگەن. بۇ چېگرالارنى ياخشى بىلىش ۋە ھالقىپ ( تاجاۋۇز قىلماسلىق ) كەتمەسلىك كېرەك. ئاللاھ، مۇھەببەتتىن باشقىلارغا ھەسسە ئايرىشىڭىزغا قارشى ئەمەس. يېتەركى بۇنىڭدا چەكتىن ئېشىپ كەتمەك. سۆيگىڭىزنى تىزگىنلەڭ، نىمىگە قانچىلىك ھەسسە ئايرىشىڭىز لازىملىقىنى بىلىڭ. سۆيگۈنىڭ ئىلاھىي تەقسىماتىغا قاراپ باقايلى:

ئېيتقىنكى، « ئەگەر سىلەرنىڭ ئاتاڭلار، ئوغۇللىرىڭلار، قېرىندىشىڭلار، خوتۇنلىرىڭلار، ئۇرۇق – تۇققانلىرىڭلار ( ھەمدە ئۇلاردىن باشقىلار )، تاپقان پۇل – ماللىرىڭلار، ئاقماي قېلىشىدىن قورققان تىجارىتىڭلار، ياخشى كۆرىدىغان ئۆيلىرىڭلار سىلەر ئۈچۈن ئاللاھتىن، ئاللاھنىڭ رەسۇلىدىن ۋە ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلىشتىنمۇ سۆيۈملۈك بولسا ( يەنى شۇلار بىلەن بولۇپ كېتىپ، ئاللاھنىڭ رەسۇلىغا ياردەم بەرمىسەڭلار )، ئۇ ھالدا سىلەر تاكى ئاللاھنىڭ ئەمرى كەلگۈچە كۈتۈڭلار، ئاللاھ پاسىق قەۋمنى ( يەنى ئاللاھنىڭ دىنىنىڭ چەك – چېگرىسىدىن چىقىپ كەتكۈچىلەرنى ) ھىدايەت قىلمايدۇ » ( تەۋبە، 24 ).

« ئاتاڭلار » دەپ باشلايدۇ ئايەت ۋە كىشىنىڭ ئاللاھ، ئاللاھ رەسۇلى ۋە ئاللاھ يولىدا جىھادتىن تېخىمۇ ياخشى كۆرىشى مۇمكىن بولغان نەرسىلەرنى؛ ئۆزىنى بۇ ئۈچ ئاشقتىن توساپ قويىدىغان بۇ توساقلارنى ياكى سۆيگۈ تارازىسىنىڭ تىلىنى بىر تەرەپكە ئاغدۇرۇش ئېھتىمالى بولغان نەرسىلەرنى تەرتىپ بىلەن ساناشقا باشلايدۇ. قۇرئاننىڭ تىلىدا، مەزكۇر نەرسىلەرنى ئاللاھ، ئاللاھ رەسۇلى ۋە ئۇنىڭ يولىدا جىھاد قىلىشتىنمۇ بەكرەك ياخشى كۆرۈش، پاسىقلىقنىڭ يېتەرلىك دەلىلى.

بۇ ئايەت ياخشى كۆرۈشتە مۇۋازىنەتنى قانداق ساقلىشىمىز كېرەكلىكىنى بىزگە ئۆگىتىش بىلەن بىرگە، بۇ مۇۋازىنەتنى بۇزغانلارنى قورقۇتماقتا. ئاللاھ يۇقىرىدا تىلغان ئالغان ئىسىملارنى ئىمتىھان ۋاستىسى قىلىپ، نەبىلەردىن ئىمتىھان ئالدى. ئىبراھىمنى دادىسى ۋە ئوغلى بىلەن سىنىدى. نۇھنى ئوغلى ۋە ئايالى بىلەن سىنىدى. لۇتنى ئايالى بىلەن ئىمتىھان قىلدى. رەسۇلۇللاھنى يېقىنلىرى بىلەن ئىمتىھان قىلدى. ئەييۇبنى مال – مۈلكى بىلەن سىنىدى.

بارلىق نەبىلەر ( ئاللاھنىڭ سالامى بولسۇن ) بۇ ئىمتىھاندىن غەلبىلىك ھالدا ئۆتتى. بەزىلىرى ئۈچۈن بەلكىم بىر ئاز ئېغىر كەلدى. نۇھ ئوغلى

ئۆچۈن، رەسۇلۇللاھ تاغىسى ئەبۇ تالىپ ئۆچۈن قايغۇردى. ئەمما نەتىجىدە ئىبراھىم بوغۇزلىغان قوچقار، توغرا ئادرىستىن ئايرىلمىغان مۇھەببەتكە بېرىلگەن بىر مۇكاپات بولدى.

نازۇك بىر نوقتا بار: دادا، قېرىنداش، ئايال، ئۇرۇق – تۇققانلار تىلغا ئېلىنغان بولسىمۇ، ئانا تىلغا ئېلىنمىغان بۇ ئايەتتە. ئاتا مېھرى شەرتلىك مېھىر بولغانلىقتىن، ئايەتتە دادا تىلغا ئېلىنىپ ئانا تىلغا ئېلىنمىغان.

دادا مېھرى كېيىن پەيدا بولىدىغان، يەنى ئېرىشىدىغان مۇھەببەت. ئۆمىتلەر ئەمەلگە ئاشمىغاندا غايىپ بولىدۇ بۇ مېھرى – مۇھەببەت. دادا بالىسىدىن بىر نەرسىلەرنى كۈتىدۇ، ئۆزى رېئاللىقتا ئايلاندۇرالمىغان نەرسىلەرنى بالىسىنىڭ ئەمەلگە ئاشۇرۇشىنى ئارزۇ قىلىدۇ، دادا مۇقەددەس بىلگەن نەرسىلەرنى مۇھاپىزەت قىلىدىغان ۋارىس دەپ قارىلىدۇ پەرزەنت. بەزىدە دادا زۆرۈر تېپىلسا بالىسىنى ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ يولىدىن توسايدۇ. ئەگەر يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان ئىشلارنىڭ ئەمەلگە ئېششىغا، بالىنىڭ ئاللاھ يولىدا بولىشى توسالغۇ بولغان بولسا، دادا كۆزىنىڭ يېشىغا قارىماستىن بالىنى بۇ يولدىن توسايدۇ. بەزىدە ئۆزى ۋە ئەجدادى مۇقەددەس دەپ بىلگەن نەرسىلەر ئۈچۈن، بالىسىنى ئاللاھ ۋە ئاللاھ رەسۇلىغا قارشى جەڭ قىلدۇرىدۇ. دادا، بالىسى بىلەن ئارىسىدىكى مېھرى – مۇھەببەتنى ئارزۇلىرىنىڭ ئەمەلگە ئېششى يولىدا ئىشلەتمىسە، ئۇ سۆيگۈ – مۇھەببەت ئاجىزلايدۇ، ھەتتا يوقايدۇ.

ئانا مېھرى – مۇھەببىتى ئۇنىڭغا ئوخشىمايدۇ. ئۇ قولغا كەلتۈرۈلگەن ئەمەس، ئەكسىچە بېغىشلانغان بىر مېھرى – مۇھەببەت. بۇ مۇھەببەتتە شەرت مەۋجۇت بولمايدۇ. ئانا، دادىغا ئوخشاش پەرزەنتىدىن كۈتكەن بىر نەرسىلەرنى ئۆز مېھرى – مۇھەببىتىنىڭ ئۇلى قىلمايدۇ. ئەگەر بىر قىسىم شەرتلەرنى ئوتتۇرىغا قويغان بولسا، بۇ شەرتلەر دادىنىڭ مېھرى – مۇھەببىتىگە ئوخشاش « ئاتا »لىق ھېسابلىرى سەۋەبىدىن ئەمەس، بەلكى پۈتۈنلەي پەرزەنتىنىڭ ياخشىلىقىنى ئارزۇ قىلغانلىقى ئۈچۈن بولىدۇ. دادا مېھرى – مۇھەببىتىدە « مەن » ئىبرىز تۇختايدۇ، ئانىنىڭكىدە بولسا « ئۇ ( پەرزەنت ) » ئىبرىز تۇختايدۇ.

كۆڭلىمىزدە نۇرغۇن ئاتا – ئانا ئاڭلىق ياكى ئاڭسىز ھالدا پەرزەنتلىرىنىڭ قاتىلىغا ئايلانماقتا. پەرزەنتىنى ئاللاھتىن، ئاللاھنىڭ دىنىدىن قىزغانماقتا ۋە ئاللاھتىن بەكرەك پەرزەنتىنى ياخشى كۆرمەكتە.

مۇنداقچە ئېيتساق، ئاللاھنى پەرزەنتىدىن ئاز ياخشى كۆرمەكتە.
ئەلۋەتتە غەيۇر بولغان ئاللاھ بۇنىڭغا رازى بولمايدۇ. ئاللاھ، پەقەت ئۆزى ئۈچۈن ياراتقان بىر نەرسىنىڭ، يەنە ئۆزى ياراتقان باشقا بىر نەرسە ( مەخلۇق ) تەرىپىدىن ئۆزىگە پىدا قىلىنىشىغا توسالغۇ بولۇشىغا، قىزغانچۇقلۇق قىلىشىغا رازى بولمايدۇ ۋە ئۇنى ئۇلارنىڭ قولىدىن ئالىدۇ. بۇ ئارقىلىق ئۇنىڭ ھەقىقەتەن كىمگە ئائىت ئىكەنلىكىنى، مۇشۇنداق قاتتىق بىر ئاگاھلاندۇرۇش بىلەن ئاتا - ئانىلارغا ئەسلىتىدۇ. ئاتا - ئانىلار پەرزەنتلىرىنى ھەددىدىن زىيادە ياخشى كۆرۈش، ھەتتا ئاللاھتىنمۇ بەكرەك ياخشى كۆرۈش ئارقىلىق ئۇلارغا زىيانكەشلىك قىلماقتا. بۇ خاتالىقنى بەزىدە ئۆمۈرلۈك بىر جۈپ بولغان ئەر - ئاياللارمۇ سادىر قىلماقتا. ئەسلىدە ئەر - ئايال، ئاللاھ يولىدا بىر - بىرى بىلەن مۇسابىقىگە چۈشكەن ئىككى تەنھەرىكەتچىگە ئوخشاش بولۇشى كېرەك ئىدى. لېكىن، بەزىدە بۇ يولغا قويۇلغان توساقلارغا ئايلىنىپ قالىدۇ. بۇ سەۋەپتىن، ئاللاھ ئۇلارنىڭ ئارىسىغا سالغان مېھرى - مۇھەببەتنى كۆتۈرۈۋېتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئائىلىسىنى ئۆز قولى بىلەن ۋەيران قىلىدۇ، ئائىلىنىڭ ھوزۇر - ھالاۋىتىنىڭ قېچىشىغا ئۆزلىرى سەۋەپ بولۇپ قالىدۇ. شۇنداق، ئاللاھ سالغان مېھرى - مۇھەببەتنى ... قېنى بۇ ئايەتنى كۆرۈپ باقايلى، مېھرى - مۇھەببەت ( ياخشى كۆرۈش )نى « ئايەت » دەپ ئاتىغان ئايەتنى:

« ئۇنىڭ ئايەتلىرىدىن بىرسى، ئۇنسى - ئۇلپەت ئېلىشىڭلار ئۈچۈن سىلەرنىڭ ئۆز تىپىڭلاردىن ئاياللارنى يارىتىشى ۋە ئاراڭلاردا ( ئەر - خوتۇن ئارىسىدا ) مېھرى - مۇھەببەت ئورنىتىشىدۇر » ( رۇم، 21 ).

ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىدىن بىرى بولغان « مېھرى - مۇھەببەت »نى ئۇنىڭ يولىدا ئىشلىتىش تۇرغان يەردە، ئۇنى مېھرى - مۇھەببەتنىڭ ئىگىسىگە قارشى ئىشلىتىشتىنمۇ ئارتۇق ھاماقەتلىك بولمايدۇ. ئائىلىلەرنىڭ خاتالىقى، ئۆزلىرىنى ئالدى بىلەن ھەمراھ، ئاندىن بەندە دەپ قارىغانلىقى بولۇپ، پەرزەنتلەرنىڭ خاتالىقى بولسا، ئۆزىنى ئالدى بىلەن پەرزەنت، ئاندىن بەندە دەپ قارىغانلىقى؛ بۇ ئالدى بىلەن پەرزەنت، ئاندىن بەندە دەپ قاراشتىن ئىبارەت خاتا چۈشەنچە، ئاتىلارنى خوش قىلماقتا. ئەمما بۇ ئاللاھ رازى بولمايدىغان بىر ئەھۋال. بۇ مۇئمىنلەر قىلماسلىقى كېرەك بولغان بىر مۇئامىلە:

« ئىنسانلاردىن بەزىلىرى ئاللاھتىن غەيرىيلەرنى ئاللاھقا شېرىك

قىلغۇالىدۇ، ئاللاھنى ياخشى كۆرگەندەك ( دوست تۇتقاندەك ) ياخشى كۆرىدۇ ( دوست تۇتىدۇ ). مۇئمىنلەر ھەممىدىن بەك ئاللاھنى ياخشى كۆرىدۇ ( دوست تۇتىدۇ )... » ( بەقەرە، 165 ).

كۇنىمىز ئىنسانلىرىنىڭ ئاللاھقا بولغان ئېتىقادى، جاھىلىيەت دەۋرىدىكى مۇشرىكلارنىڭ ئاللاھقا بولغان ئېتىقادىغا ماھىيەت جەھەتتىن ئوخشاپ قالىدۇ. چۈنكى، ئاللاھ بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىمىزنى ياخشى كۆرۈش ئەمەس، ئېھتىياجىمىز بەلگىلەيدۇ. چۈنكى، ئىنسان « ئەي رەببىم، ساڭا مۇھتاجمەن، چۈنكى سېنى ياخشى كۆرىمەن » دېيىشنىڭ ئورنىغا « سېنى ياخشى كۆرىمەن، چۈنكى ساڭا ھاجىتىم بار » دېمەكتە.

جاھىلىيەت دەۋرىدە، مۇشرىكلار ئۆزىنى ئاللاھقا يېقىنلاشتۇرىدۇ دەپ داۋا قىلغان بۇتلىرىنى ئۇرۇش، قەھەتچىلىك ۋە يۇقۇملۇق كېسەللىك تارقالغان ۋاقىتتا ئەسلىشەتتى. ئۇ دەردلەردىن خالىي بولغاندا، تونۇگۇن ئۆلگەندەك بولۇپ يالۋۇرغان ئىلاھلىرىنى بۈگۈن ئۇنتۇپ، ھايات قايىنىمىغا كىرىپ كېتەتتى. ئاللاھقا ئىشىنىدىغانلىقىنى داۋا قىلىۋاتقان كۇنىمىز ئىنسانلىرىنىڭ، رەببى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى بۇنىڭغا ئوخشىمايۋاتامدۇ؟ بۇ خىل مۇناسىۋەتنىڭ ئۇلىدا، ياخشى كۆرۈش ئەمەس، مۇھتاجلىق ياتمايۋاتامدۇ؟ كۇنىمىز ئىنسانلىرىنىڭ كۆڭلىنى ئېچىپ، ئۇ بىرىلىپ كەتكەن نەرسىلەر ئىچىدە ياراتقۇچى قانچىنچى ئورۇندا تۇرىدىغانلىقىغا قاراپ بېقىڭ. ھەتتا كۆڭلىگە سىغدۇرغان شۇ دۇنيالىق نەرسىلەر ئىچىدە، رەببىگە ئورۇن ئايرىپ – ئايرىمىغانلىقىغا قاراپ بېقىڭ.

## « بىر شامكى رەببىم ياندۇرىدۇ »

مېھرى – مۇھەببەت بېرىلگەن نەرسىمۇ ياكى قولغا كەلتۈرۈلگەن نەرسىمۇ؟

بۇ سوئالغا « ھەر ئىككىسى » دەپ جاۋاپ بېرىش مۇمكىن. ئىخلاسمۇ شۇنداقمۇ؟ ئىخلاس قۇرئاندا ھەر ئىككى خىل مەنىدە ئىشلىتىلىدۇ: مۇخلىسىن ( ئىخلاسقا ئېرىشكەنلەر )، مۇخلاسىن ( ئىخلاس بېرىلگەنلەر ).

ئەلۋەتتە، ئاللاھ تەرىپىدىن بېرىلگەن مېھرى – مۇھەببەت ئەڭ ئىشەنچلىك بولىدۇ. بۇ ھەر تەرەپتە ئۆزنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. مەسىلەن، ئىمان جەھەتتە:

« ... لېكىن ئاللاھ سىلەرگە ئىماننى قىزغىن سۆيگۈزدى ۋە ئۇنى دىلىڭلاردا كۆركەم قىلدى، سىلەرگە پىسقنى، كۇفرىنى ۋە گۇناھنى يامان كۆرسەتتى، ئەنە شۇلار ئاللاھنىڭ پەزلى ۋە نېمىتى بىلەن توغرا يولدا بولغۇچىلاردۇر » ( ھۇجۇرات، 7 ).

مېھرى – مۇھەببەت بۇ مەنىدە، ھىدايەتنىڭ يەنە بىر ئىسمى. بىر نەرسىگە ئىگە بولۇش بىلەن، ئىگە بولغان بىر نەرسىنى ياخشى كۆرۈش ئارىسىدا پەرق بولىشى كېرەك. ئىماننى سۆيۈش، ئىمانلىق بولۇشتىن ئارتۇق بولىسا كېرەك. ئىماننى سۆيىدىغان بىر كىشى ئۇنىڭ ئۈستىدە چىڭ تۇرىدۇ، ئۇنىڭ ئۈچۈن ھەر قانداق پىداكارلىقتىن يانمايدۇ. ئىماننى سۆيۈش، ئىماننىڭ دۈشمىنى بولغان كۇپۇر، پىسق، ئىسياندىن نەپرەتلىنىشنى تەقەززا قىلىدۇ. ئىماننى سۆيگۈزگەن ئاللاھ، بۇنىڭ نەتىجىسىدە بەندىسنى ئىمان دۈشمىنىدىن نەپرەت قىلدۇرىدۇ. بۇ ئەھۋالدا، نەپرەت مېھرى – مۇھەببەتنىڭ بىر مەھسۇلىغا ئايلىنىدۇ.

« ھەر نەرسە زىتتى بىلەن قايىم » پرىنسىپىغا ئاساسەن، ياخشى كۆرمىگەننىڭ نەپرەت قىلىشى، نەپرەت قىلمايدىغاننىڭ ياخشى كۆرىشنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايدۇ. لېكىن، نەپرەتنىڭ ھەقلىق بولىشى ئۈچۈن، سەۋەبى « ياخشى كۆرۈش » بولىشى كېرەك. كۆركەم قىلىش مەسىلىسىنىڭ ياخشى كۆرۈش بىلەن بىۋاستە مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنى بۇ ئايەتتىن بىلىۋالالايمىز. ئوبيېكت ( ئىمان )نى بېزەپ گۈزەل قىلىش يەتمەيدۇ، سۇبيېكتىپىنىڭمۇ گۈزەل بولىشى كېرەك. تېخىمۇ چۈشىنىشلىك قىلىپ ئېيتساق، قارىغان ۋاقتىمىزدا گۈزەل بولىشى ئۈچۈن، توغرا شەكىلدە نەزەر تاشلىشىمىز كېرەك. شۇڭا ئاللاھ ئىماننى كۆركەم قىلغان ۋاقتىتا، نەزەر سېلىشقىمۇ سەل قارىمىغان. توغرا شەكىلدە نەزەر تاشلانمىغاندا، كۆز كىشىگە ئەگرىنى تۈز، تۈزنى ئەگرى قىلىپ كۆرسىتىدۇ. يامانلىق كىشنى يىرگەندۈرىدىغان قىلىپ كۆرسىتىدىغان نەزەر توغرا بولغان بولىدۇ. ئاللاھ مانا بۇنى قىلىۋاتىدۇ.

ئىمان ئۈچۈن مېھرى – مۇھەببەتنى بەلگۈلىگۈچى ئامىل قىلىپ كۆرسەتكەن قۇرئان، كۇپۇر ئۈچۈنمۇ ئوخشاش ئۆلچەمنى قويىدۇ: « كۇپۇرنى ياخشى كۆرۈش ...»

« ئەي مۇئمىنلەر! ئەگەر ئاتىلىرىڭلار، قېرىنداشلىرىڭلار ئىماندىن كۇفرىنى

ئارتۇق كۆرسە ( كۇفرىدا مەھكەم تۇرسا )، ئۇلارنى دوست تۇتماڭلار. ئىچىڭلاردىن كىملەركى، ئۇلارنى دوست تۇتىدىكەن، ئۇلار زالىملاردۇر » ( تەۋبە، 23 ).

قوش ئۆلچەمنى تەبىئىيتىگە ئايلاندۇرىۋالغان كۆنىمىز ئىنسانلىرى بىشىدىن ئۆتكۆزىۋاتقان قورقۇنچلۇق زىددىيەتنى ئوتتۇرىغا قويغان بۇ ئايەت، ھەقىقەتەن ئومۇمىيلىشىپ كەتكەن بىر ئىككى يۈزلىمچىلىك ھەققىدە توختىلىدۇ. ئىمان ئېيتقانلىقنى داۋا قىلغان بولسىمۇ، ئىمانغا قارشى كۇفرىنى ياخشى كۆرگەنلەرنىڭ، كۇفرىنى ھىمايە قىلغانلارنىڭ، كۇفرىنى مۇداپىئە قىلغانلارنىڭ دادا – قېرىنداش بولىشىدىن قەتئىينەزەر، ئىماننى ياخشى كۆرگەنلەر تەرىپىدىن ۋەلى ۋە دوست تۇتۇلماسلىقى تەۋسىيە قىلىنماقتا.

پەقەت ئىماننى ياخشى كۆرۈپ، كۇفرىدىن نەپرەت قىلماسلىق يېتەرلىك بولمايدۇ؛ ئىمانلىقنى ياخشى كۆرۈش، كاپىرنى ۋە ئۇلارنىڭ دوستلىرىنىمۇ ياخشى كۆرمەسلىك كېرەك. ئۇلار ئىمان ئېيتقانلىقنى داۋا قىلغان تەقدىردىمۇ، ئىمانغا ۋە ئىمانلىق كىشىگە دوست بولالمايدۇ، ۋەلى بولالمايدۇ. چۈنكى ئىمانلىق بولۇش كۇپايە قىلمايدۇ، ئىماننى ياخشى كۆرۈش كېرەك. بۇمۇ يېتەرلىك بولمايدۇ، ئۇنىڭ دۈشمىنى بولغان ئىنكار، گۇناھ ۋە رەسۇلغا قارشى چىقىشنى ياخشى كۆرمەسلىك كېرەك. زۇلمەت قاراڭغۇ بىلەن يورۇقلۇقنى بىر – بىرىگە ئارىلاشتۇرىۋەتمەسلىك لازىم.

بېرىلگەن مېھرى – مۇھەببەت ھەققىدە توختىلىۋاتقاندۇق. ئىلگىرى مېھرى – مۇھەببەتنى ئاللاھنىڭ ئۆزىدىن پۈۋلىگەن روھقا ئوخشاتقاندىم. تۆۋەندىكى ئايەتكە قاراڭ، بەئەينى ئاللاھتىن بىر پارچە سوۋغاتتەك بايان قىلىدۇ مېھرى – مۇھەببەتنى:

« مېنىڭ كۆز ئالدىمدا ( ھىمايەم ئاستىدا ) تەربىيلىنىشىڭ ( چوڭ قىلىنىشىڭ ) ئۈچۈن، ساڭا مەن تەرەپتىن بولغان مۇھەببەتنى سالدىم » ( تاھا، 39 ).

روھ ھەر ئىنساندا بار، ياخشى كۆرۈش ئالاھىدە بىر مۇناسىۋەت تەقەززا قىلىدۇ ۋە ئۇ بەزى كىشىلەردە بولىدۇ.

ئىنسان ئىگە بولالايدىغان ئەڭ چوڭ سائادەت، ئاللاھ تەرىپىدىن بېرىلگەن بىر مۇھەببەتنىڭ ئۆزىدە بولىشى. بۇ مۇھەببەتكە ئىگە بولغۇچىلارنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى، يەنى ئاللاھ تەرىپىدىن بېرىلگەن بىر مۇھەببەتكە لايىق بولۇش شەرتلىرى مۇنداق كۆرسىتىلگەن:

« ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلار ئۈچۈن ئاللاھ ھەقىقەتەن ( ئۇلارنىڭ دىللىرىدا ) مۇھەببەت پەيدا قىلىدۇ » ( مەريەم، 96 ).

بىر نەرسە دىققىتىمنى تارتتى، قۇرئاندا قەيەردە ئاللاھنىڭ ياخشى كۆرىشى تىلغا ئېلىنغان بولسا، بۇ ئايەتتىكىدەك يېنىدا رەھمەت، مەغپىرەتتىن سۆز قىلىنىدۇ ( بۇرۇج، 14؛ ھۇد، 90 ). مېھرى – مۇھەببەت ئاللاھنىڭ رەھمىتى ئىچىدە ئەڭ ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدۇ. بۇ سەۋەپتىن، مېھرى – مۇھەببەتتىن مەھرۇم بولۇش، رەھمەتتىن مەھرۇم بولغانلىقنى بىلدۈرىدۇ.

مېھرى – مۇھەببەت تىنچلىق بولۇپ، ئامانلىقنىڭ ئەڭ چوڭ كاپالىتى. ئەلۋەتتە، مېھرى – مۇھەببەتنىڭ بىر كاپالىتى بولىشى كېرەك. مانا بۇ كاپالەتنى رەببىمىز بېرىدۇ:

« ئاللاھ مۇئمىنلەرنىڭ دىللىرىنى مۇھەببەت بىلەن بىرلەشتۈردى. سەن يەر يۈزىدىكى پۈتۈن بايلىقنى سەرپ قىلىپمۇ ئۇلارنىڭ دىللىرىنى بىرلەشتۈرەلمەيتتىڭ؛ لېكىن ئاللاھ ئۇلارنى ئىناق قىلدى » ( ئەنفال، 63 ).

كۆڭۈل پەرمان ئاڭلىمايدۇ ۋە مۇھەببەت تېخى بازارغا چۈشۈپ قالمىدى. ئىككى ئىنسان بىر - بىرىنى قانچە پۇل بەرسىڭىز ياخشى كۆرەر؟ ياكى بىر – بىرىنى ياخشى كۆرگەن ئىككى ئىنسان قانچىلىك بىر نەرسە بەرسە مۇھەببىتىنى تەرك قىلار؟ باھاسى قانچە قەلبىنىڭ ۋە ئۇنىڭ ئەڭ شەرەپلىك مېۋىسى بولغان مېھرى – مۇھەببەتنىڭ؟

كۆڭۈللەرگە گەپ ئاڭلىتىدىغان سۇلتان ۋە پەرمان ئەمەس، پەقەت ئۇ كۆڭۈللەرنىڭ ساھىبى بولغان ئاللاھتۇر. ئۇنىڭ بىر سۈپىتى « مۇقەللىبۇل قۇلۇب ( قەلبلەرنى ئۆرۈپ تۇرغۇچى ) ». ئەگەر ئۇ كۆڭۈللەرگە مېھرى – مۇھەببەت ئوتىنى تۇتاشتۇرغان بولسا، پۈتۈن دۇنيا بىر بولغان تەقدىردىمۇ ئۇ ئوتنى ئۆچۈرەلمەيدۇ. شائىرمۇ شۇنداق دەيدۇ ئەمەسمۇ:

بىر شەماكى مەۋلا ياقا ئۈفلەمەكلە سۆنمەز،
يەشىمسى:
بىر يالقۇنكى رەببىم تۇتاشتۇرغان پۈۋلەش بىلەن ئۆچمەس.

## مېھرى – مۇھەببەتكە تولغان جەمئىيەت

« ئۆز ۋاقتىدا سىلەر ئۆز ئارا دۈشمەن ئىدىڭلار، ئاللاھ دىلىڭلارنى بىرلەشتۈردى، ئاللاھنىڭ نېمىتى بىلەن ئۆزئارا قېرىنداش بولدۇڭلار، سىلەر

دوزاخ چۇقۇرىنىڭ گىرۋىكىدە ئىدىڭلار، ئاللاھ سىلەرنى ( مېھرى – مۇھەببەت بېغى بىلەن قۇرۇلغان بىر جامائەتكە قوشۇپ ) ئۇنىڭدىن قۇتقۇزدى » ( ئالئىمران، 103 ).

مېھرى – شەپقەتسىزلىكنىڭ ئىلاھى تىلدىكى تەسۋىرى « دوزاخ چۇقۇرىنىڭ گىرۋىكىدە بولۇش ». بۇ شۇنداق ئەھۋالكى، يېرىم قەدەم باسسىڭىز ئۆزىڭىزنى يالغۇزلۇق ۋە شەپقەتسىزلىك گىرۋەكلىرىدە تاپىسىز. ئاللاھنىڭ رەھمىتى بىلەن يالغۇزلۇقتىن قۇتۇلۇپ، مېھرى – مۇھەببەتنىڭ تەمىنى تېتىدىڭىز.

مېھرى – مۇھەببەتنىڭ ۋازكەچكىلى بولمايدىغان ئامىلىنىڭ « باشقىلار » ئىكەنلىكىنى بۇ تېمىنى باشلىغاندا تىلغا ئېلىپ ئۆتكەنىدۇق. ئەڭ چوڭ ئىجتىمائىي رەھمەت بولغان ئۈلپەت ( كەلىمە مەنىسى جەھەتتىن بىر – بىرىگە ئۆتكۈزۈش، ئارىلىقتىكى بوشلۇقنى تولدۇرۇش دېگەنلىك بولىدۇ. ئىنسانلارنىڭ قەلبىگە ئاللاھ سالغان قېرىنداشلىق مېھرى – مۇھەببىتى )نىڭ ئالدىنقى شەرتى نېمە بىلەمسىز؟ بىرگە بولۇش، بىرلىكتە پىيىششى، يەنى جەمادات ( جانسىزلار ) ئەمەس، جامائەت بولۇش. مەزكۇر ئايەتنىڭ باش قىسمىنى ئوقۇيلى:

« ھەممىڭلار ئاللاھنىڭ ئاغامچىسىغا ( يەنى ئاللاھنىڭ دىنىغا ) مەھكەم يېپىشىڭلار، ئايرىلماڭلار ( بۆلۈنمەڭلار )، ئاللاھنىڭ سىلەرگە بەرگەن نېمىتىنى ئەسلەڭلار » ( ئالئىمران، 103 ).

شۇنداق، ئاللاھ بىزنى ئەسلەشكە بۇيرىغان نېمەتنىڭ ئۈلپەت ئىكەنلىكىنى ئايەتنىڭ ئاخىرىدا كۆردۇق. مېھرى – مۇھەببەت نېمىتىنىڭ شۈكرىسى، ئالدى بىلەن مېھرى – مۇھەببەتتە ئىتتىپاقلىقنىڭ شەكىللىنىشى بولۇپ، ھېچكىم مېھرى – مۇھەببەت بولمىغان يەردە ئىتتىپاقلىقتىن ئېغىز ئاچالمايدۇ.

جامائەت، مېھرى – مۇھەببەت بىر يەرگە جەم قىلغان، ئۈلپەت ئىسمىلىك يۈرەك دۆلىتىنى قۇرالغان ئىنسانلار توپى بولۇپ، يۈرەكلىرىنى تەڭ بەھرىمان قىلغان، ئۈلپەت كىملىكى بىلەن يولختى، تاموژنىسىز ھالدا بىر – بىرىنىڭ قەلبىپ دۇنياسىغا ئەركىن ساياھەت قىلالايدىغان كىشىلەردىن تەشكىل قىلىنغان بىرلىك. ئۈممەت، مانا بۇ كىشىلەر توپى شەكىللەندۇرگەن ئوكيانۇسنىڭ ئىسمى. بۇنداق بىر توپنىڭ ئەزالىرى، يۈرەك مەملىكەتلىرىدە مۇھەببەتنى تەختكە چىقارغان بولىدۇ. مېھرى – مۇھەببەت بىلەن تولغان كىشىلەر توپىدا، كىشىلەر بىر – بىرىنىڭ كۆڭلىنى، ھايات دېڭىزىدا چىققان

ياكى چىقىدىغان بوران – چاپقۇنغا قارشى بىخەتەر ماكان، پۇختا پاناھگاھ، بەرىكەتلىك بىر دالدا جاي دەپ بىلىدۇ.

بۇ جامائەتتە كىشى – كىشىنىڭ رەقىبى ئەمەس، ئەكسىچە كىشى كىشىنىڭ جەننىتى بولىدۇ. مېھرى – مۇھەببەت ئىكسىرى جەننەتكە ئايلاندۇرغان يۈرەكلەردە ئۆز ئارا مېھمان بولالايدۇ. بۇ شۇنداق بىر يۈرەككى، بازارلىرىدا مېھرى – مۇھەببەت سېتىلىدۇ، تارازىلىرىدا ئالالاھ رازىلىقى ئۈچۈن ياخشى كۆرۈش تارتىلىدۇ، بۇلار پۇل بىلەن ئەمەس مېھرى – مۇھەببەت بىلەن سېتىۋېلىنىدۇ. مېھرى- مۇھەببەتنىڭ بەدىلى ياخشى كۆرۈش بولىدۇ. مېھرى – مۇھەببىتىنى بىر – بىرى ئۈچۈن پىدا قىلىدۇ.

بۇ توپنىڭ كىشىلىرى تونۇشقان ھەر يېڭى « ئىنسان »غا يېڭى نازىل بولغان بىر ئايەتتەك مۇئامىلە قىلىدۇ.

مېھرى – مۇھەببەت توپنىڭ ئەزالىرى يۈرىكىنىڭ رولىنى ئوبدان بىلىدۇ. ئۇنى يادرو ئېنېرگىيە مەركىزىدەك ئىشلىتىدۇ. مەسىلىلىرىنى مېھرى – مۇھەببەت بىلەن ھەل قىلىدۇ. ئۆز ئارا غەۋغالىرى مېھرى – مۇھەببەتتىن، تەستەكلىرى شەپقەتتىن بولىدۇ. ئالاھىدە ئەھۋاللاردا مېھرى – مۇھەببىتىنى پۈتۈنلەي ئۆزمەيدۇ، دىققەت بىلەن ئىش قىلىدۇ. بۇمۇ ئۈچ كۈندىن ئېشىپ كەتمەيدۇ.

ئۇرشى زۆرۈر بولۇپ قالسا، نەپرەت قىلغانلىقى ئۈچۈن ئەمەس، ياخشى كۆرگەنلىكى ئۈچۈن قول تەككۈزىدۇ. بىر – بىرىنى تەنزىلىرىگە قويۇپ سېتىپ تۈگەتمەيدۇ، كۆڭۈل تۈپراقلىرىغا تېرىپ، ئۇ مۇنبەت تۇپراقتا كۆپەيتىدۇ.

مېھرى – مۇھەببەت توپىدا ئېسىلغان لەۋھەلەردە مۇنداق خەت يېزىلغان بولىدۇ:

« ئالالاھ بىلەن قەسەمكى، بىر – بىرىڭلارنى ياخشى كۆرمىگىچە مۇئمىن بولالمايسىلەر، ئىمان ئېيتمىغىچە جەننەتكە كىرەلمەيسىلەر » ( بۇخارى، ئىمان ).

بۇ سۆزنىڭ ئىگىسى بولغان مېھرى – مۇھەببەت ئۇستازى، ساھابىلىرىغا پات – پات مېھرى – مۇھەببەت ھەققىدە دەرس بېرەتتى. بىر كۈنى ھەزرىتى ئۆمەرنىڭ قولىنى تۇتۇپ، « ئەمدى بولدى » دېگىچە ئۇنىڭ يۈرىكىگە مېھرى – مۇھەببەت ئاقتۇرغاندى ( مۇسلىم ).

نەبىلەرنىڭ ۋە ئۇلارنىڭ مىراسىغا ۋارىسلىق قىلغانلارنىڭ، دەۋەتلىرى ئۈچۈن خىتاپ قىلىنغۇچىسىدىن تەلەپ قىلغان نەرسىسى پەقەت مېھرى –

مۇھەببەت ئىدى.

نەبىلەرنىڭ، دەۋىتى ئۇچۇن بىر ھەق تەلەپ قىلمىغانلىقى قۇرئاندا پات – پات تەكرارلىنىدۇ. چۈنكى، ماددىي تاماسى بولمىغان بىر پائالىيەت، پىداكارلىق ۋە سەمىمىيەتنىڭ ئەڭ چوڭ ئىسپاتى. نەبىلەر ئىنسانلارنى دەۋەت قىلغان ئىشتا سەمىمىي ئىكەنلىكىنى كىشىلەرگە ئەسلىتىش ئۈچۈن، ئۇلاردىن ھېچقانداق ھەق ئالمىغانلىقىنى، ئەجرىنى پەقەت ئاللاھتىن كۈتىدىغانلىقىنى پات – پات تەكىتلەپ تۇرغان.

بۇ خىزمەتلەر ئۈچۈن ئىنسانلاردىن پەقەت بىر نەرسىنى سورىشىغا رۇخسەت قىلىنغان. « رۇخسەت قىلىنغان » ئەمەس، ئەكسىچە تەلەپ قىلىشى ئاللاھ تەرىپىدىن تەۋسىيە قىلىنغان ۋە تەشۋىق قىلىنغان، بۇ ئېلىشىغا تېگىشلىك بىر ھەق دەپ قارالغان. ئۇ نەرسە نېمە؟ تەخمىن قىلغىنىڭىزدەك يەنىلا « مېھرى – مۇھەببەت »:

« تەبلىغ قىلغانلىقىمغا سىلەردىن ھەق تەلەپ قىلمايمەن، پەقەت مېنى ياخشى كۆرىشىڭلارنى، مېھرى – مۇھەببەتتە بولۇشىڭلارنى تىلەيمەن » دېگىن ( شۇرا، 23 ).

ياخشى كۆرۈش قايىنىشى بولۇپ، ئىنسانلارنىڭ بىللە بولۇشىنىڭ سەۋەبى مېھرى – مۇھەببەت بولسا، ئۇ بىللە بولۇشنىڭ ئۆمرىمۇ مېھرى – مۇھەببەتنىڭ ئۆمرى بىلەن تەڭ بولىدۇ. ياخشى كۆرۈش، ۋەھدەت ( بىرلىك )نىڭ دەل ئۆزى.

ياخشى كۆرىدىغان كىشى، جامائەت دەرياسىغا قۇيۇلغان بىر قەترە سۇ بولۇشنى خالىغان كىشى دېگەنلىك بولىدۇ. ئۇ كۆپلۈك ئىچىدە يوق بولۇپ كەتمەيدۇ، يالغۇز كۆپكە قوشۇلۇش ئارقىلىق كۆپلۈك ئىچىدە مەۋجۇت بولىدۇ، ئۆزى بىلەن ئوخشاشلارنىڭ ئىچىدە ئۆزىنى تاپىدۇ. بېلىق كۆلدە بېقىلىدۇ، شۇنداق ئەمەسمۇ؟ ئۇ مېھرى – مۇھەببەت دەريالىرى ئۈممەت ئوكيانۇسىغا قوشۇلىدۇ. ئۇ ئوكيانۇستا بىر تامچە نېمە بولىدۇ دەمسىز؟ ئىش سىز دېگەندەك ئۇنداق ئاددى ئەمەس. ئۇ شۇنداق بىر تامچىكى، ۋاقتى كەلسە باغرىدا پۈتۈن ئوكيانۇسنى، يەنى پۈتۈن ئۈممەتنى توشۇيدۇ.

ياخشى كۆرۈش كۆپەيتىش، ئاشۇرۇش، پەيدا قىلىش دېگەنلىك بولىدۇ.

مېھرى ـ مۇھەببەتنى پۇلغا ئايلاندۇرغان؛ پەزىلەتنى ئاساس قىلغان بىر ئەخلاقنى يىقىپ، پەيدا قىلىش ۋە ئىستىمال قىلىش ئاساس قىلىنغان بىر « ئەخلاق »نى دەسسەتكەن؛ مېھرى – مۇھەببەت، پىداكارلىق، سەمىمىيەتكە

ئوخشاش گۈزەل پەزىلەتلەرنىڭ ئورنىغا، رىيا ۋە يۈزسىزلىكنى ئاساس قىلغان دىپلوماتىيىنى دەسسەتكەن كاپىتالىزمدەك بىر تۈزۈم كېلىپ باقمىغانىدى.

ئېلان ۋە تەشۋىقاتنى ئاساس قىلغان بۈگۈنكى دۇنيا سىستېمىسى، مېھرى – مۇھەببەتكە ئوخشاش پۈلغا ئايلاندۇرغىلى بولمايدىغان قىممەت - قاراشلارنىڭ دۈشمىنى. ئۇنى بۇزغۇنچىلىقتا ئۇچرىتىشنى، بۇنى قىلالمىسا، ئۆزگەرتىۋېتىشنى مەقسەت قىلىدۇ.

ئۇنى يوقىتالمايدۇ. چۈنكى، مېھرى – مۇھەببەتنى يوقاتقىلى بولمايدۇ. لېكىن، ئىككىنجىسىدە، يەنى مېھرى – مۇھەببەتنى بۇزغۇنچىلىقتا ئۇچرىتىپ، يالغان سۆيگىلەرنى ھەر خىل ۋاستىلەر بىلەن تەشۋىق قىلىپ سېتىشتا مۇۋەپپەقىيەت قازاندى. پاھىشە، زىنا، بۇتپەرەستلىكنىڭ ئىسمىنى ئاشىق ۋە سەنئەت دەپ قويۇشتا مۇۋەپپەق بولدى. بۇ ئارقىلىق ياخشى كۆرۈشنى، ئىستىمالغا قولايلىق بىر نەرسىگە ئايلاندۇرۇپ قويدى. ئىنسانىيەتنىڭ بىباھا قىممەت - قاراشلىرىدىن بىرى بولغان ياخشى كۆرۈشنى باشقىلارنى قۇل قىلىدىغان ۋاستە سۈپىتىدە ئىشلەتكىلى بولىدىغان ھالغا چۈشۈرۈپ قويدى.

## نەپسى - خاھىش ( كور مۇھەببەت )

ياخشى كۆرۈش، ئەمەلىيەتتە ئەركىنلىكنىڭ ئەڭ يۇقىرى پەللىسى. ئىنساننى مەھكۇم قىلىپ قويغان تۇيغۇنى مۇھەببەت دېگىلى بولمايدۇ، ئۇنى خۇمار دەيمىز.

بۇ ئىككىسىنى بىر – بىرىگە ئارىلاشتۇرۇپ قويماسلىق كېرەك. ياخشى كۆرۈش بىلەن خۇمار بىر – بىرىدىن پۈتۈنلەي پەرقلىنىپ تۇرىدۇ. ياخشى كۆرۈش بىر نەرسىنىڭ ئىچىدە مەۋجۇت بولۇش بولۇپ، خۇمار بىر نەرسىگە بېرىلىپ كېتىش، قوشۇلۇپ كېتىشنى كۆرسىتىدۇ. يەنى بىر سەلگە، كۆپچىلىككە قوشۇلۇپ كېتىش، شامالغا ئەگىشىپ بىللە كەتكەندەك...

ياخشى كۆرۈش كىشىنى ھۆر قىلىدۇ، بېرىلىپ كېتىش كىشىنى ئەسىر قىلىدۇ. بېرىلىپ كېتىشنى ياخشى كۆرۈش دەپ ئويلاپ قالغانلارغا دەيمەنكى: سىزنى تىزگىنلەپ تۇرغان، ئىرادىڭىزنىگە پۇرسەت بەرمەي ئۇنى ئەسىر قىلىۋالغان، ئەقلىڭىزنىڭ يۈگىنىنى چاڭگىلىغا كىرگۈزىۋالغان، سىزنى بىر ياۋاش كالىدەك خالىغان تەرەپكە يۆتىلەيدىغان نەرسە، سىزچە ئەڭ چوڭ ئەركىنلىك بولغان مۇھەببەت بولىشى مۇمكىنمۇ؟

ھەۋەس بىر خىل ئادەتلىنىپ قېلىش بولۇپ، بىر كىشى ئۆزى كۆنۈپ قالغان نەرسىنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى ئىپتقان بولسا، مەن بۇنى « بېرىلىپ كېتىش، خۇمار » دەپ چۈشىنىمەن ۋە ئۇنى خۇمارنى مۇھەببەت دەپ ئويلاپ قاپتۇ دەپ خۇلاسە چىقىرىمەن. بۇ خۇمار ھەر دائىم ئوخشاش شەكىلدە ئوتتۇرىغا چىقمايدۇ، ئوخشاش بولمىغان شەكىلدە كۆرۈلىدۇ.

ئايال ياكى ئەر كىشى، ئۆزىنى ئەسىر ئېلىپ پىشىدىن سۆرەپ ماڭغان نەرسىنىڭ ئىسمىنى ئاشىق دەپ ئاتاشتىن زوقلىنىدۇ. ھەقىقىي ئاشىقنىڭ، ساپ سۆيگۈنىڭ شۆھرىتىدىن مۇشۇنداق پايدىلىنىدۇ. ھالبۇكى، بۇ ئاشىق ئەمەس، ھاۋايى – ھەۋەسنىڭ دەل ئۆزى. چۈنكى، ھەقىقىي ئاشىق ئىنساننى ئۆز تېپىنىڭ قولىغا ئويۇنچاق قىلىپ بەرمەيدۇ، ئەكسىچە ئىنسانغا ئەركىنلىك بېغىشلايدۇ ۋە مېھرى – مۇھەببەتكە ئىگە قىلىدۇ.

ھەقىقىي ئاشىقنى بىلمەيدىغانلار، ئىككى كىشىلىك دىۋانىلىقىنىڭ ئىسمىنى ئاشىق دەپ قويۇشتا چىڭ تۇرىدۇ. بۇ ئەھۋال روھى كېسەللىك ھالىتى بولۇپ، ئەسلىدە ھاۋايى – ھەۋەس بولغان بۇ خىل « ئاشىق »لار، كۆپىنچە ۋاقتى يالغۇزلۇق ئىچىدە ئۆتكەنلەردە كۆپ كۆرۈلىدۇ. بۇ خىل كىشىلەر بېشىدىن ئۆتكۈزگەن يالغۇزلىقنى يەڭگىللەتكۈدەك بىرسىنى تاپقاندا، ئۆزىدىكى يالغۇزلىق ھېسسىنى يەڭگىللەتكەن كىشىگە قارىتا تۇيغان مىننەتدارلىق ھېسسىنى ئاشىق دەپ ئويلايدۇ. بۇ ئەسلىدە ئۇزۇندىن بۇيان بىپايان قەلىپ دۇنياسىدا ھۆكۈم سۈرگەن يالغۇزلىققا، خاتىمە بەرگەن نەرسىگە قارىتا تۇيغان مىننەت ۋە شۈكۈر ھېسسى.

ئاشىق دەپ خاتا چۈشۈنۈپ قالغان بۇ ھېسنىڭ كۈچلۈك بولىشى، ياخشى كۆرۈش دەرىجىسىنىڭ ئۆلچىمى ئەمەس، ئۇ باشتىن ئۆتكۈگەن يالغۇزلۇق دەرىجىسىنىڭ چوڭلىقىنى بىلدۈرىدۇ. يېڭى ئەھۋالدىمۇ، يالغۇزلۇق جەھەتتىن چوڭ ئۆزگۈرۈش بولۇپ كەتمەيدۇ ئەسلىدە. بۇرۇن بىر كىشىلىك بولغان يالغۇزلۇق، ئەمدى قوش كىشىلىك يالغۇزلۇققا ئايلانغان بولىدۇ. ئەلۋەتتە، بۇ ئاتالمىش ئاشىق تەك تەرەپلىك بولمىغان بولسا.

تەك تەرەپلىك ئاشىقلار ئادەتتە خىيال كۈچىگە ماس ھالدا كۈچىيىدۇ. بۇ خىل ياخشى كۆرۈشلەرنىڭ كۆپىنچىسى خىيالى ياخشى كۆرۈش بولىدۇ. ياخشى كۆرۈش خىيالى بولغان مۇددەتچە كۈچىيىدۇ. لېكىن سۆيگۈ، كىشىلەر ئارىسىدا مەۋجۇت بولىدىغان بىر ئەھۋال ئىكەنلىكىنى بىلىپ يەتكەن، ئىزدىگىنىنى تاپقانلىقى ئەندىشىسى بىلەن تۇرۇپ قالىدۇ قەھرىمانىمىز.

چۈنكى، ئۇ ئىزدىگەن نەرسە ئەمەلىيەتتە مېھرى – مۇھەببەتنىڭ ئۆزى ئەمەس، ئۇنىڭ شۆھرىتى ئىدى. ئۇنى ئۆزىنىڭ كۆڭلىنى ئاۋۇتىدىغان بىر نەرسە قىلىپ ئىشلەتمەكتە. بۇ خۇددى دېڭىز مەنزىرىلىك رەسىمگە قاراپ خىيال دۇنياسىدا ساياھەت قىلىۋاتقان كىشىدەك، ئۇ ئەسلىدە مەشۇقىنىڭ ئۆزىگە ئەمەس، رەسىمگە ئاشىق.

بۇ خىل مۇھەببەتنىڭ يەنە بىر تەرىپى، كىشىنىڭ ئۆز مەسىلىسىنى ھەل قىلىشنىڭ ئورنىغا، ئۆزىدىن، ئۆز رېئاللىقىدىن قېچىش ئۈچۈن باشقىلارغا كۆڭۈل بۆلىۋاتقاندەك كۆرۈنۈشنى تالللشى بولۇپ، ئۆزىنىڭ مەسىلىسىنى تاشلاپ قويۇپ، ياخشى كۆردۈم دەپ ئويلاپ قالغان مەشۇقىنىڭ مەسىللىرىنى ھەل قىلىشقا ئىنتىلىدۇ ۋە بۇنى « پىداكارلىق » دەپ ئاتايدۇ. مانا بۇ ئىنساننىڭ ئۆزىدىن قېچىشى بولۇپ، نەتىجىدە ھېچقانداق بىر مەسىلە ھەل بولمايدۇ.

بۇ خىل مۇھەببەتتە جىنسىي مۇناسىۋەت، ھاراق، زەھەرلىك چېكىملىك، مەجنۇنلۇق خۇددى ئىشقنىڭ تەبىئىي بىر نەتىجىسىدەك كۆرسىتىلىدۇ. بۇ چوڭ ئالدامچىلىقتىن ئىبارەت، خالاس. بۇ پەقەت، قانائەتسىز بىرسىنىڭ ئۆزىنى ئىچىگە تاشلاپ، ئاسانلا كۆزدىن غايىپ بولىدىغان گىرداپ ئىزدىشىدىن باشقا نەرسە ئەمەس. بۇ خىل مۇھەببەتلەردە، ياخشى كۆرۈلگۈچى بىر « گىرداپ » رولىنى ئوينايدىغان بولۇپ، ئۇ ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىش ۋاستىسىدىن ئىبارەت بولىدۇ.

بۆلەرنىڭ ھەممىسى مۇھەببەت ۋە ئاشىق ئەمەس، بەلكى ھاۋايى – ھەۋەسنىڭ ئوخشاش بولمىغان شەكلى. بۇنداق بىرىنىڭ مەشۇقىغا قارىشى، خۇددى بىر بەڭگىنىڭ تاماكىسىغا قارىشىغا ئوخشايدۇ. يالغۇزلۇقنى ھاراق بوتۇلكىسى ئىچىدە بېلىق بولۇش چۈشەنچىسى بىلەن ھەل قىلماقچى بولغان بىر ھاراقكەش بىلەن، يالغۇزلۇقنى بىر ئايال كىشىنىڭ جىنسىيىتىدە ھەل قىلىشنى خىيال قىلغان بىرىنىڭ روھى ھالىتى بىر – بىرىدىن ئانچە كۆپ پەرقلىنىپ كەتمەيدۇ.

ھالبۇكى، مۇھەببەتنىڭ دىنامىكى روھ بولۇپ، روھنىڭ جىنسىيىتى يوق. مۇئمىن روھى بىلەن ياخشى كۆرىدۇ. بۇ مۇھەببەتتە جىنسىيەت ئالدىنقى ئورۇندا تۇرمايدۇ، روھ ئالدىنقى ئورۇندا تۇرىدۇ. يەنى، « پۆۋلەنگەن ئۆز »لەرنىڭ بىر - بىرىگە قارىتا ھېس قىلغان ئىشتىياقى ئاساسلىق ئورۇندا تۇرىدۇ.

ساپ ( روھانى ) مۇھەببەتنىڭ ئاستىدا جىنسىي مۇناسىۋەت ئىزدەپ يۈرگەنلەر، روھى بىلەن ئەمەس، ئەقلى بىلەن ياكى باشقا بىر يېرى بىلەن ياخشى كۆرگەنلەردۇر.
سۆيگۈنى پەقەت شەھۋەت دەپ ئويلاپ قالغانلار، روھانىي سۆيگۈلەرگە نەپسى كۆزنىكىدىن قارايدۇ.
مۇئمىنلەرنىڭ بىر – بىرىگە قېرىنداش قىلىنىشى، مانا بۇ « پۈۋلەنگەن ئۆز »نىڭ بەدەندىكى ھاكىمىيىتىنى قوبۇل قىلىشى ( ئىمان ) ئىدى. بۇ ھاكىمىيەتنى قوبۇل قىلغانلار قېرىنداش بولغان بولىدۇ.
خېلى كۆپ ساندىكى كىشى شەھۋەتنى كاللىسىدا مۇھەببەت بىلەن مۇقەددەس قىلىۋالغانلىقى ئۈچۈن، ئىككى جىنس بىر – بىرىگە قارىتا ھېس قىلغان جىسمىي ئارزۇسىنى ناھايىتى ئاسانلا « مۇھەببەت » ياكى « ئاشىق » دەپ چۈشىنىپ قالماقتا. شۇنداق دەپ قارىغان تەقدىردىمۇ، شەھۋەت ئاساس قىلىنغان بۇ مۇھەببەتنىڭ ئۆمرى ۋە قىممىتىنىڭ قانچىلىك بولىدىغانلىقىنى سىز ئويلاپ بېقىڭ. بۇ مۇھەببەت ئەمەس، ئىككى كىشىلىك شەخسىيەتچىلىك، قوش كىشىلىك يالغۇزلۇقتىن ئىبارەت، خالاس.
ئادەتتە شەخسىيەتچىلىك كىشىنىڭ ئۆزىنى ياخشى كۆرىشى دەپ قارىلىدۇ. لېكىن، بۇ ئۇنداق ئەمەس. شەخسىيەتچى كىشى باشقىلار ئۇياقتا تۇرسۇن، ئۆزىنىمۇ ياخشى كۆرمەيدۇ. بۇ قەلبىنىڭ قابىلىيەتسىزلىكىگە ئۆزىنىڭ شەخسىيەتچىلىكىنى كەيگۈزۈپ قويغانلىق بولۇپ، قىممەت يارىتالماسلىق ئازابىنى، بارلىقنى ئۆزىگە ئاتاش ئارقىلىق چىقىرىدۇ.
پەقەت بىر كىشى تەرىپىدىن ئىشلىتىلىدىغان ئىچى تار بىر يۈرەكنىڭ مەھسۇلىنى قانداقمۇ « مۇھەببەت » دېگىلى بولىدۇ؟ مۇھەببەت بىر ئوكيان. كۆلىمى بىپايان بولغان بىر يۈرەكنى بىر كىشىگە ئايرىش، سۆيگۈنى ئاختا قىلغانلىق بولىدۇ. ئۇ يەرگە شەخسىيەتچىلىكنىڭ تىكەنلىك چىتلىرىدىن قۇتۇلۇپ، ئۇ يۈرەكنىڭ قېپىسىغا كەلگەن ھەر كىشىنىڭ كىرىش ھەققى بار. مۇھەببەتنى پەقەت ئۆزىگىلا ئايرىشنى ئاللاھ مۇ بەندىلەردىن تەلەپ قىلمىغان. ئۇ ياخشى كۆرۈشتە باشقا نەرسىلەرنى ئۆزى بىلەن تەڭ تۇتۇلماسلىقنى، ھەممىدىن بەك ئۆزىنى ياخشى كۆرۈشنى تەلەپ قىلىدۇ:
« مۇئمىنلەر ھەممىدىن بەك ئاللاھنى ياخشى كۆرىدۇ » ( بەقەرە، 165 ).
كۆڭنىمىز ئىنسانلىرى ئاشىق دەپ ئاتىغان يالغۇزلۇقتا، ئىككى كىشى دۇنيا،

ئاللاھ ۋە رەسۇلىغا قارشى بىرلىشىپ، بىر چەكلىك ھېسسىدارلىق شىركىتى قۇرىدۇ ۋە بۇ ئىككى كىشىلىك شىركەتنىڭ ئىسمىنى ئاشىق ياكى مۇھەببەت دەپ ئاتايدۇ.

ياخشى كۆرۈشنىڭ ئورنىغا ياخشى كۆرۈلۈشكە، ياقتۇرۇلۇشقا ئىنتىلىش؛ بۇنىڭ ئۈچۈن قىلمىغان قىلىقلىرىنىڭ قالماسلىقى؛ كىشىلەرگە ھەقىقىي يۈزىنى كۆرسەتمەي، پەدازلانغان يۈزىنى كۆرسىتىشى ۋە ئاخىرىدا ئۆزىنىڭمۇ نىقاپلانغان يۈزىنى ھەقىقىي يۈزى دەپ بىلىشى، كۈنىمىز ئىنسانلىرى گىرىپتار بولغان كېسەلدىن بىرى.

سەن ئۇلارغا ئەگەشمە، مۇھەببەتنى پەيدا قىلغۇچى ئامىل مۇھەببەتنىڭ دەل ئۆزى. سەن سەۋەپ بول، ئالدى بىلەن ياخشى كۆر، ئاندىن نىمە ئىش قىلساڭ، قىل.

رومانلار، فىلىملارغا باش تېما بولغان ۋە « بۈيۈك ئاشىق » دەپ ئىسىم قويىشۋالغان بىر تەرەپلىمە مۇھەببەت، بىر خىل چوقۇنىدىغان نەرسە تېپىشقا ئۇرۇنىدۇ. ھاۋايى – ھەۋەستە تەرەپلەر بىر – بىرىنى ياخشى كۆرۈش ئۈچۈن، بىر – بىرىگە چوقۇنۇش ئۈچۈن بەسلەشكەندە ئاشىق بىر تۇتېمغا ئايلىنىپ قالىدۇ. ئىنسانلار تارىخ بويىنچە دائىم بۇتىنى ئۆزى ئىجاد قىلغان ۋە ئۆز ئىجادىيىتىگە ئۆزى چوقۇنغان. بۇ ئىش مەزكۇر قەدىم ئىجادىيەتنىڭ داۋامىدىن باشقا نەرسە ئەمەس ئەسلىدە. مەبۇد قىلىۋالغان مەشۇقنىڭ ئۆزى ئەمەس، « ھاۋايى - ھەۋەس »نىڭ دەل ئۆزى. قۇرئان نەپسى – خاھىشىنى ئىلاھ قىلىۋېلىش ھەققىدە توختىلىپ مۇنداق دەيدۇ: « نەپسى خاھىشىنى ئىلاھ قىلىۋالغان ئادەمنى كۆردۈڭمۇ؟ » ( فۇرقان، 43 ).

ھەقىقىي مۇھەببەت ئىززەتلىك قىلغاندەك، نەپسانىيەتچى مۇھەببەت كىشىنى خار قىلىدىغان ئالاھىدىلىككە ئىگە بولىدۇ. بىرىنچىسىدە ئىنسان ئۆزىنى تاپىدۇ، ئىككىنچىسىدە ئۆزىنى يوقۇتۇپ قويىدۇ. ياخشى كۆرگىنىنى ئىلاھ قىلىدۇ، ئۇنى تەپەككۇر قىلىدۇ، زىكىر قىلىدۇ، ئۇنىڭغا تەسبىھ ئېيتىدۇ، ئۇنى كۆرىدۇ ۋە ياشايدۇ. ئۇ بىر مەشۇق بولۇشتىن زىيادە بىر « ئىلاھ » قا ئايلىنىدۇ. دېمىسىمۇ يۇقىرىدا ئېيتىلغانلار ئەسلىدە چوقۇنۇش ئۇسۇلى ئەمەسمۇ؟

قەھرىمانىمىز ئەڭ چوڭ خاتالىقنى مۇھەببەتنىڭ تەقسىماتىدا ئۆتكۈزگەنىدى. پەقەت ئاللاھ قىلا بېرىشكە تېگىشلىك بولغان ھەسسىنى ئۆز تېپىغا ئايرىغان، نەپسى خاھىشىنى ئىلاھ قىلىۋالغان ۋە ئۇنى « ئاللاھنى

ياخشى كۆرگەندەك ياخشى كۆرگەن » ئىدى. بۇنداق بىر مۇئامىلىگە قارىتا غەيۇر بولغان ئاللاھنىڭ مۇئامىلىسىمۇ باشقىچە بولىدۇ: « ئاللاھ ئۇلارنىڭ دىللىرىنى ۋە قۇلاقلىرىنى پېچەتلىۋەتكەن، ئۇلارنىڭ كۆزلىرى پەردىلىگەن » ( بەقەرە، 7 ).

بۇ يەردە بىر مەسىلىنى ئەسلىتىپ ئۆتۈش كېرەك: نەپسى خاھىشى ئىنسانغا باغلانغان بىرسى، نەرسىگە باغلانغان بىرىدىن بىر ئاز ياخشى. چۈنكى، ئىنسان مەخلۇقاتنىڭ ئەڭ مۆتىۋىرى. ئۆزىنىڭ ئەمرىگە بېرىلگەن نەرسىلەرنى « ئىلاھ » قىلىۋالغانلارچۇ؟

كۆپىنچە ۋاقىتتا، قارىغۇلارچە ياخشى كۆرگەن، مۇھەببىتىگە ساختىپەزلىك ئارىلىشىپ قالمىغان ۋاقىتتا، ئىنسان يەنە توغرا ئادرىسنى تاپالايدۇ. ياخشى كۆرۈشنى ئۆگەنگەن بىر يۈرەك، خاتالىقنى تونۇپ يېتىپ ھەقىقىي مەشۇقنى بىلىپ يەتكەندە، دەرھال ئۇنىڭغا يۈزلىنىدۇ. بۇ ۋاقىتتا ئۆتمۈشتىكى ئاچچىق ساۋاق، مۇكەممەل بولغان بىر ئىچكى بايلىقنىڭ قېزىپ چىقىرىلىشىدا ئاساسلىق رول ئوينايدۇ. مەيلى ھەقىقىي ياكى يالغان بولسۇن، مۇھەببەتنى پەقەت تونۇپ باقمىغان بىر ئىنسان ھەققىدە توختۇلۇشنىڭ قىلچە ھاجىتى يوق، چۈنكى ئۇنىڭ « ئىنسانلىقى » شۈبھىلىك.

بۇ ھەقتە ئاخىرىقى سۆز يەنە ئايەتنىڭ:

« ئۇ سىلەرنى پەقەت ئۆزىگىلا ئىبادەت قىلىشقا بۇيرۇغان » ( يۇسۇپ، 40 ).

بۇتلاشتۇرۇلغان مۇھەببەتتە ئاشىق – مەشۇقلار بىر – بىرىدىن ئالاھىدە نەرسىلەرنى كۈتۈشكە باشلايدۇ. بۇ ھەقتە قۇرئان مۇنداق دەيدۇ:

« ئۇلار ياردەمگە ئېرىشىشنى ئۈمىد قىلىپ، ئاللاھنى قويۇپ باشقا مەبۇدلارنى ئىلاھ قىلىۋالدى » ( ياسىن، 74 ).

ئاقىۋەتى قانداق بولىدۇ؟ بۇ ھەقتە قۇرئان نېمە دەيدۇ؟ قاراپ باقايلى:

« ئۇ مەبۇدلار ئۇلارغا ياردەم بېرەلمەيدۇ. بۇلار شۇ مەبۇدلار ئۈچۈن ( يەنى ئۇلارنىڭ خىزمىتى ئۈچۈن ) ھازىرلانغان قوشۇندۇر » ( ياسىن، 75 ).

بولۇپمۇ تەك تەرەپلىك ھەۋەسلەردە بۇ ھەقىقەت ئۆزىنى ئېنىقمۇ روشەن نامايەن قىلىدۇ. ئاشىق دەپ ئاتىۋالغان جۈپتىنى خوشال قىلىش ئۈچۈن قىلغانلىرىنىڭ يېرىمىنى ئاللاھ ئۈچۈن قىلغان بولسا، بەلكىم ئۇنىمۇ رازى قىلغان بولاتتى. بۇ جەريان بەزىدە تەرەپلەرنىڭ بىر – بىرىدە يوق بولىشى بىلەن نەتىجىلىنىدۇ. يەنى ماددىي ياكى مەنىۋىي ئۆلىۋېلىش...

زامانىۋىي ھايات، روھى ئاچلىقنى ھېس قىلدۇرماسلىق ئۈچۈن توختىماي ئويۇن پەيدا قىلىۋاتىدۇ. ئائىلە باغلىرىنى، جەمئىيەت باغلىرىنى، ئىجتىمائىي پەزىلەتلەرنى سۇسلاشتۇرۇپ يوقۇتۇش، كىشىنى باشتا يالغۇزلۇققا ئىتتەرمەكتە. ئاندىن يالغۇزلىقنى ئەسلەپ ئۇنى يېڭىشكە تىرىشقانلارنىڭ نىشانىنى ئۆزگەرتىۋېتىشكە تىرىشىپ، ئۇنىڭ يېشىغا ماس ئويۇن ئىجاد قىلىپ بەرمەكتە. ئۇ بىچارىمۇ بۇلارنى ئالماشتۇرۇپ ئويناپ، ئۆزىنى گوللايدۇ. بۇ ئويۇن ۋە ئويۇنچاقلار ئۇنىڭغا يالغۇزلىقنى بىر مەزگىل ئۇنتۇلدۇرىدىغان ناركوز رولىنى ئوينايدۇ. ئەسلى خەتەر، بۇ ئويۇنچاقلارنىڭ ئارقىسىدىكى يوشۇرۇن مەقسەتنى كۆرمەي ئۇنىڭغا ئىشىنىپ، ئىنساننى ياخشى كۆرەلەيدىغان يەرلىرىنى يوق قىلىشى، بۇ بەكمۇ خەتەرلىك بىر ئەھۋال.

كىشىلەرنى بىر قېتىم بۇ ھالغا كەلتۈرىۋالسا، ئۇنىڭدىن كېيىنكى ئىشلار ئاسان. بۇنداق جەمئىيەتتە ئىنسانلار ئارىسىدىكى مۇناسىۋەت مېھرى – مۇھەببەت ئۈستىگە ئەمەس، مەنپەئەت ئۈستىگە قۇرۇلىدۇ. كىشىلەر ئىككى يۈزلىمچى ئەمەس، ئىككى يۈز يۈزلۈك بولىدۇ. كىشىلەر بولىشىغىچە مۇناپىقلىق ئالامىتىنى نامايەن قىلغان بۇ زامانىۋىي مۇناسىۋەتلەردىكى ساختا « ئالىيجاناپلىق » لارغا گالۋاڭلارچە كۆنۈشكە مەجبۇر. كۆنۈش ئەمەس، ئۆزىمۇ باشقىلارغا مۇشۇنداق مۇئامىلە قىلىشقا مەجبۇر. بەلگۈلىگۈچى ئامىل مېھرى – مۇھەببەت بولمىغان زامانىۋىي ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەر سۈيئىستىمال، مەنمەنچىلىك، رىيا ۋە ساختاپەزلىك ئۈستىگە قۇرۇلىدۇ.

كىشىنى ماشىنىنىڭ بىر پارچىسىغا ئايلاندۇرۇپ قويغان تۈزۈم، ئۇنىڭ شەخسىيىتىنى نىشان قىلغان بولۇپ، ئىنساننى ئەڭ شەرەپلىك مەخلۇقلۇق ماقامىدىن چۈشۈرۈپ نەرسىلەرگە ئايلاندۇرماقچى ۋە شەيئىلەرنى ئۇنىڭ تەختىگە ئولتۇرغۇزماقچى. سەندىن ئۆزى مۇقەددەس قىلىپ بەرگەن نەرسىنى ئىستىمال قىلىشىڭنى، پەقەت ئۇنىڭغا ماسلىشىپ تۆگىتىپ بېرىشىڭنى تەلەپ قىلىدۇ.

بۇ بىر ياتلاشتۇرۇش، ھەممىدىن بۇرۇن ئىنساننى ئۆزىگە ياتلاشتۇرۇلىشى، ئۆز كىملىكىگە قارشى ياتلاشتۇرۇلىشى بولۇپ، بۇنداق بىر كىشى ئۈچۈن مېھرى – مۇھەببەت قۇساق تويغۇزمايدىغان بىر نەرسىگە ئايلىنىدۇ. ياتلاشقان تىپ، ھەممە نەرسىگە ئاشقازىنىدىن قارايدىغانلىقتىن، ھەممە نەرسە ئۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇ يەرنى تولدۇرغان نىسبەتتە ياكى بىر شەيئىگە ئوخشاش تۆپە – تۆپىلەپ ئىشلەتكەن نىسبەتتە قىممەتكە ئىگە بولىدۇ.

روھىنىڭ بارلىقىدىن بىخەۋەر يۈرگەنلەر، روھىنىڭ ئاچلىقىدىن قانداق خەۋەردار بولىدۇ دەيسىز؟

زامانىۋى ھاياتنىڭ بۇ ئازغۇنلىقىغا ئىلمىي ئاساس تەييارلىماقچى بولغان كاپىتالىزم دىنىنىڭ ساختىا نەبىلىرى، ئۆزلىرىگە ئەڭ باشتىنا مېھرى – مۇھەببەتنى نىشان قىلىپ تاللىغان.

بۇلاردىن بىرى بولغان فروئىدنىڭ قارىشىچە، بارلىق ئىچكى ھېس – تۇيغۇلار ھېچقانداق بىر توسالغۇغا ئۇچرىماي قاندۇرۇلغاندا، شاتلىق ۋە روھى ساغلاملىق ئۆزلىكىدىن شەكىللىنىدۇ. يەنى، ئۇ مۇنداق دېمەكچى:

ئەدەپ – ئەخلاق دېگەن نەرسىلەرگە قۇلاق سالمايسىز. ئىجتىمائىي قىممەت - قاراشلارنىڭ ھەممىسىنى رەت قىلىسىز. دىنىنىڭ پرىنسىپلىرىنى چۆرۈپ تاشلىۋېتىسىز. بارلىق ھەرىكەتلىرىڭىزنىڭ ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچى شەھۋەت بولىدۇ. ھەر خىل ھاۋايى – ھەۋەسلىرىڭىزنى ئۆزىڭىز خالىغان شەكىلدە قاندۇرۇش ئارقىلىق خوشاللىقتا ئىگە بولىسىز.

بۇ نەزەرىيىنىڭ ئىلمىي بولۇپ – بولمىغانلىقى ھەققىدە توختالمايمەن، ئۇنىڭ نېمە ئىكەنلىكى ھەممىگە روشەن. رىئاللىقتا بۇنىڭ بۇ نەزەرىيىدە ئوتتۇرىغا قويۇلغاندەك بولمايدىغانلىقىنى، فروئىدنى يېتىشتۈرۈپ چىققان جەمئىيەتمۇ بىلىپ يەتتى. ئىنساننى خوشال قىلغان نەرسە، شەھۋەت ۋە جىنسىي ئارزۇلىرىنىڭ توسقۇنلۇققا ئۇچرىماستىن قاندۇرۇلىشى بولماستىن، بەلكى بىر داۋاغا ئىشىنىش ۋە ئېتىقادىنى ھاياتىغا تەدبىقلاپ ياشاش. ئۇ ئېتىقاد قىلغان نەرسە ئەگەر دۇنيالىق بولغان بولسا، دۇنيادا بەختلىك بولىدۇ؛ ئەگەر ئىككى دۇنيالىق سائادەتنى ئارزۇ قىلغان بولسا، ئۇ ئېتىقاد ئىسلام بولىشى كېرەك.

بۇ نەزەرىيە كىمنىڭ مەنپەئەتىگە ماس كەلدى؟ ئەلۋەتتە كاپىتالىزمنىڭ. بۇ قان – تەر ئەمگۈچى تۈزۈمنىڭ، ئىنساننىڭ بارلىق ماددىي ۋە مەنىۋىي ئېھتىياجىنى قاندۇرۇپ، ئۇنى بەختلىك قىلالايدىغانلىقىنى ئىسپاتلىماقچى بولغانىدى. خوجايىنلىرىنىڭ دۇنيانى تېخىمۇ ياخشى شۈمۈرىشى ئۈچۈن، ئىنسانلارنىڭ ئەقىل – پىكرىنى ئىشتان بېغىغا ئېسىپ قويماقچى بولدى. كاپىتالىستلار بۇنى فروئىد ئارقىلىق ئەمەلىيلەشتۈرمەكچى بولۇۋشتى. بۇ ئارقىلىق كاپىتالىزمنىڭ ئىنساننىڭ مەسىلىرىنى ھەل قىلىشتا، تېخىمۇ كەڭ دائىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالالايدىغان ھالغا كەلگەنلىكىنى تەكىتلىمەكچى ئىدى. فروئىدنىڭ قارىشىچە، ئىنسانلار تۇغۇلۇشتىنلا بەسلىششىنى ياخشى كۆرىدۇ

ۋە بىر – بىرىگە قارشى نەپرەتكە تولۇپ تاشقان بولىدۇ. ئەرلەر ھەمىشە ئۆزئارا قىرغىنىدۇ.

دارۋىنمۇ بۇ ئىلمىي قان - تەر ئىمىش مەسىلىسىگە، ئەڭ كۈچلۈك بولغانىنىڭ ھاياتىنى داۋاملاشتۇرىدىغانلىقى ۋە تەرەققىي قىلىدىغانلىقى نەزەرىيىسى بىلەن قېتىلدى. ھايات تاسادىبىيلىق بىلەن چۈشەندۈرۈلگەندە، بۇنىڭدىن باشقىچە سۆز قىلىشمۇ مۇمكىن ئەمەس ئىدى. بۇ ئارقىلىق ھاياتنىڭ ئاساسلىق ئامىلى، ھەق ئەمەس، كۈچ بولغان بولاتتى. شۇنىڭ بىلەن زوراۋانلىق، ھاياتنىڭ مەنبەسى ئۈستىدە ئولتۇردى.

فروئىد كاپىتالىزمنى پسىخىكا – ئىجتىمائىي ساھەگە، دارۋىن بۇ تۈزۈمنى بىئولوگىيە ساھەسىگە ئېلىپ كىردى. نەتىجىدە ھەر ئىككىسى ئوخشاش نىشانغا، مېھرى – مۇھەببەتكە قارىتىپ ئوق چىقاردى.

غەرپ زامانىۋىيلىقى بۇ پەلسەپە ( غەرپ جەمئىيەت ۋە تۈزۈم جەھەتتىن تارىخدا ھېچقاچان مۇۋاھىت بولالمىغان، قوبۇل قىلغان ھەقىقەتلىرىنى ئۆزگەرتىپ قوبۇل قىلىش ) بىلەن قەد كۆتۈرگەن.

گ. لونارد ئۆز جەمئىيتى ھەققىدە مۇنداق يەكۈن چىقىرىدۇ:

« بۇ جەمئىيەت، دۇنيانى بىر تەرتىپكە كىرگۈزەلىشى، ئايغا چىقالىشى مۇمكىن. لېكىن ئىككى ئىنسان بىر – بىرىنى بوغۇزلاش ئارزۇسى ھېس قىلماستىن، بىر ھەپتە خاتىرجەملىك ئىچىدە ياشاشنىڭ يولىنى تېخى تاپالمىدى ».

ئۇلارنىڭ بۇ ئىللىتى قايسىبىر جەمئىيەتكە يۇقمىدى دەيسىز؟ بۈگۈن نەپرەتنى ئىنسانىنىڭ ئۆزگەرمەس خاراكتېرى دەپ بىلىدىغان زامانىۋىيلىق ھەممە يەردە بار. زامانىۋىيلىق ئىچىمىزدە، چۈنكى نەپرەت ئىچىمىزدە.

ئۇ كىرگەن يەردە مېھرى - مۇھەببەت ياشىيالمايدۇ، دېمىسىمۇ ئۇمۇ ياشىيالمىدى. مېھرى – مۇھەببەتنىڭ ئىگىسى، ئۇنى ئۆزىدىن يۈز ئۆرىگەنلەردىن ئېلىۋالدى، ئۇنى تونۇغانلارغا بەردى. تارىخ بويىنچە مۇشۇنداق بولغانىدى:

« ئى مۇئمىنلەر! سىلەردىن كىمكى يولىدىن قايتىدىكەن، ئاللاھ ( ئۇنىڭ ئورنىغا ) ئاللاھ ئۇلارنى دوست تۇتىدىغان، ئۇلارمۇ ئاللاھنى دوست تۇتىدىغانلارنى كەلتۈرىدۇ،... » ( مائىدە، 54 ).

ياخشى كۆرۈش پەيداكارلىق بولۇپ، بەرگەنسىرى، سەرپ قىلغانسىرى كۆپىيىدۇ. بەزى نەرسىلەرنى ئىشلىتىۋەرسە، ئاقىۋەت تۈگەيدۇ ياكى

يوقسۇللۇققا ئېلىپ بارىدۇ. لېكىن، مېھرى – مۇھەببەتنىڭ ئۆزى پۈتمەس – تۈگىمەس بىر بايلىق. بۇ سەۋەپتىن ياخشى كۆرۈشنى بىلىدىغان كىشى ئىككى دۇنيانىڭ ئەڭ باي كىشىسى. چۈنكى، ھەقىقىي بايلىق - بېرىش، بېغىشلاش بولۇپ، بەرگەن قول بولۇشتۇر. قىممەت يارىتىش ئارقىلىق ئېرىشكەن روھى يېتىلىشنى، باشقا بىر نەرسە ئارقىلىق قولغا كەلتۈرگىلى بولمايدۇ. بولۇپمۇ خورىتىش بىلەن ئىگە بولغىلى بولمايدۇ.

زۇلەيخا ئالاتتى. ئۇنىڭ پەيدا بولغان تۇيغۇ خوراتقۇچى بىر مۇھەببەت ئىدى، ئۇنىڭ ئارزۇسىمۇ يۈسۈپنى خورىتىش ئىدى. ياقۇپ بېرەتتى، ئۇنىڭ مۇھەببىتى قىممەت يارىتاتتى. ياخشى كۆرەتتى ۋە بېغىشلايتتى. كۆزىنى بەردى، ئۇ بىباھا بايلىقى بولغان كۆزلىرىنى بەرگەنىدى. بۇ بىر جۈپ كۆز مۇھەببىتىنىڭ بەدىلى بولغانىدى. بۇنىڭغا ماس ھالدا، كۆزى كۆرەلمىگەننى ھېس قىلالايدىغان بىر بۇرۇن بېرىش ئارقىلىق، مۇھەببەتمۇ ئۆز قەرزىنى قايتۇردى ياقۇپقا. بۇ، مۇھەببەتنىڭ ياخشى كۆرۈپ بەدەل تۆلىگۈچىگە قايتۇرغان مىننەتدارلىقى ئىدى.

خوراتقۇچى مۇھەببەت بىلەن، كۆپەيتكۈچى مۇھەببەت ئارىسىدا بىر پەرق بار ئىدى، يەنى شەپقەت. بىرسىنىڭ سەۋەبى شەھۋەت، يەنە بىرىنىڭ سەۋەبى شەپقەت ئىدى. ئاللاھقا بولغان مۇھەببىتىنى، جىگەر پارچىسىنى قىلچە ئىككىلەنمەستىن قۇربان قىلىش ئارقىلىق ئىسپاتلىغان ئىبراھىمغا، مۇھەببىتىگە ۋاستە بولغان ئىسمائىلنى قايتۇرۇپ بەرگەنىدەك، ياقۇپنىڭ ( ئاللاھنىڭ سالامى بارلىق نەبىلەرگە بولسۇن ) مۇھەببىتىنىڭ ئىسپاتى بولغان بىر جۈپ كۆزىنى قايتۇرۇپ بەرگەنىدى.

شەھۋەتكە تايانغان جىنسى مۇھەببەت، ئەسلىدە نەپسىنىڭ ئەقىل ۋە ھېس – تۇيغۇلارنى تىزگىنلەپ، قەلبىنى خاتالاشتۇرىشىدىن ئىبارەت. بۇ خىل ئەھۋال ھايۋانلاردىمۇ كۆرۈلىدۇ. بۇ خىل ئارزۇ قاندۇرۇلمىغاندا، دۈشمەنگە ئايلىنىدۇ. شەھۋەت زوراۋانلىقلىرى، مانا بۇ قاندۇرۇلمىغان ئازغۇن تۇيغۇلارنىڭ ئىنسانىنى ئەسىر ئالغانلىقىنىڭ نەتىجىسى.

## مۇھەببەتنىڭ ئىپادىلىرى

مۇھەببەتنى ئويغۇتۇپ تۇرىدىغان قوشۇمچە مەنبەلەر بار. بۇلار بولماستىن مۇھەببەت ئۆز ئالدىغا ئۇزۇن مۇددەت پۈت دەسسەپ تۇرالمايدۇ.

مۇھەببەت تومۇرلىرى بۇ مەنبەلەردىن ئوزۇقلانغاندا، ئۇ مۇھەببەت ساغلام ۋە ئۇزۇن ئۆمۈرلۈك بولىدۇ. مېھنەت، كۆڭۈل بۆلۈش، تونۇش، مەسئۇلىيەت ۋە ھۆرمەت، مانا بۇلار قوشۇمچە مەنبەلەر.

مېھنەت – ئەڭ تەبىئىي مۇھەببەت مېھنەتكە تايانغان بولىدۇ. چۈنكى، بۇ خىل مۇھەببەتنىڭ ئىچىدە تۈنجى ئامىل شەپقەت بولۇپ، ئاللاھنىڭ بەندىسىگە، ئانىنىڭ بالىسىغا، باغۋەننىڭ گۈل – چېچەكلەرگە، مېمارنىڭ ئەسەرىگە بولغان مېھرى مانا بۇ خىل مۇھەببەتنىڭ ئىپادىسى. ياخشى كۆرگۈچى سۆيگىنىگە ئەجىر سىڭدۈرۈپ، ئۆزىدىن بىر نەرسىلەر قوشقان بولىدۇ. ئىنسانلار نان بىلەن تويىدۇ، ئەجىر بىلەن چوڭ بولىدۇ، مۇھەببەت بىلەن ياشايدۇ.

كۆڭۈل بۆلۈشمۇ مۇھەببەتنىڭ ئىپادىلىرىدىن بىرى. بىر نەرسىنى ياخشى كۆرۈپ، ئۇنىڭغا كۆڭۈل بۆلمەسلىكنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايدۇ. مەسىلەن، ئاللاھنى ياخشى كۆرىدىغانلىقنى ئېيتىپ، ئۇنىڭ ئەمرلىرىگە كۆڭۈل بۆلمىسىڭىز، بۇ مۇھەببەتنىڭ ساختا مۇھەببەت، قۇرۇق داۋادىن پەرقى بولمايدۇ.

« ئېيتقىنكى، ئەگەر سىلەر ئاللاھنى دوست تۇتساڭلار، ماڭا ئەگىشىڭلاركى، ئاللاھ سىلەرنى دوست تۇتىدۇ ۋە گۇناھلىرىڭلارنى مەغپىرەت قىلىدۇ. ئاللاھ ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر » ( ئالئىمران، 31 ).

شۇنداق، رەببىڭىز سىزدىن مۇھەببىتىڭىزنى ئىسپاتلىشىڭىزنى تەلەپ قىلىۋاتىدۇ، بۇنى ئۆزى ياخشى كۆرگەنلىرىنى ياخشى كۆرۈش، ئۇلارغا ئەمەل قىلىش ئارقىلىق ۋۇجۇتقا چىقىرىشىڭىز تەلەپ قىلىۋاتىدۇ. ئۇ ياخشى كۆرگەنگە كۆڭۈل بۆلۈش، ئۇ بەلگىلىگەن بەلگىلىمىلەرنى ھاياتىمىزغا مىزان قىلىشىمىزنى تەلەپ قىلىۋاتىدۇ. ئۇنتۇپ قالغانلارنىڭ، ئۇنتۇلىدىغانلىقىنى بىلىشىمىزنى ئاررزۇ قىلىۋاتىدۇ: « ئۇلار ئاللاھنى ئۇنتۇدى ( يەنى ئاللاھنىڭ تائىتىنى تەرك ئەتتى )، ئاللاھ مۇ ئۇلارنى ئۇنتۇدى ( يەنى ئاللاھ ئۇلارنى ئۆزىنىڭ پەزلىدىن ۋە رەھمىتىدىن مەھرۇم قىلدى ) » ( تەۋبە، 67 ).

تونۇش مۇھەببەتنىڭ ئىپادىلىرىدىن بىرى. تونۇش ئۇسلۇبى ئىچىدە ئەڭ ئاسان بولغىنى مېھرى – مۇھەببەت بىلەن تونۇش. بۇلار بىر – بىرىگە زىچ كىرىشىپ كەتكەن بولۇپ، قارشى تەرەپنى سۆيەلىگىنىڭىزچىلىك تونۇيسىز، بىلەلىگىنىڭىزچىلىك ياخشى كۆرىسىز. لېكىن، جەمئىيەت تونۇماي تۇرۇپ

ياخشى كۆرگەنلەر، ياخشى كۆرگەنلىكنى داۋا قىلغانلار بىلەن تولۇپ تاشماقتا. راستىنى ئېيتقاندا، بۇنى قانداق قىلىپ ئەمەلگە ئاشۇرىۋاتىدۇ، بىلەلمىدىم. بۇ خىل مۇھەببەتنىڭ ئۆمرىمۇ ئۇزۇن بولمايدۇ، بىر – بىرىنى ھەقىقىي تونۇپ يەتكىچىلىك بولىدۇ ئۆمرى. بۇنى بىر كۆرۈپ ئاشىق بولۇش دەپ ئاتايدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا تونۇغانسىرى كۈچىيىدىغان مۇھەببەت بار بولۇپ، بۇنداق بىرى بولۇش ناھايىتى چوڭ لۇتۇپتۇر. ئاللاھقا بولغان سۆيگۈ تونۇغانسىرى كۈچىيىدۇ.

مۇھەببەت، تونۇشنىڭ ئەڭ قىسقا يولى دېگەنىدۇق. چۈنكى ياخشى كۆرۈش سۆيۈلۈشكە سەۋەپ بولىدۇ. بۇ ھەرىكەتنىڭ باش مەركىزى يۈرەك بولۇپ، ياخشى كۆرۈش، ئىنساننىڭ قىرىقىنچى ھوجرىسى بولغان يۈرەكتە بىرسىنى مېھمان قىلىش دېگەنلىك بولىدۇ. ئىنساننىڭ سىرى ئەنە شۇ ھۇجرىدا.

ئىنسانىنى تونۇش ئۈچۈن ئۇ يەرنى كۆرۈش كېرەك، يەنى ياخشى كۆرۈلۈش كېرەك. ئىنسانغا تونۇلۇش ئۈچۈن ئۇ يەرنى كۆرۈش، يەنى ياخشى كۆرۈش كېرەك. قولىدا مۇھەببەتنىڭ ئاچقۇچى بولمىغان كىشى، ئۇ ھۇجرىغا قوشۇن باشلاپ كەلگەن تەقدىردىمۇ كىرەلمەيدۇ، كۆرەلمەيدۇ، تونۇيالمايدۇ.

مەسئۇلىيەت مۇھەببەتنىڭ بىر ئىپادىسى، ئۇ مەسئۇلىيەتچان بولۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. ياخشى كۆرۈشنىڭ ئۆزى بىر مەسئۇلىيەت ئەمەسمۇ؟ مەسئۇلىيەتسىز كىشىلەر كۈيۈپ قېلىشى، ھەۋەس قىلىپ قېلىشى مۇمكىن، لېكىن ياخشى كۆرەلمەيدۇ. چۈنكى، مۇھەببەتنى قولغا كەلتۈرۈش قىيىن، ھىمايە قىلىش تېخىمۇ مۈشكۈل. ئۇنى ئاسراش ۋە ھىمايە قىلىش ئىنسانغا بىر قىسىم قوشۇمچە مەسئۇلىيەتلەرنى ئېلىپ كېلىدۇ. يەنى قاتتىق بىر سەبىر تەلەپ قىلىدۇ مۇھەببەت.

مەسئۇلىيەتنىڭ زىتتى، يېتەرلىك بولماسلىق بولۇپ، كىمكى كىشىگە پەقەت ئۆزىگە يېتەرلىك بولماسلىق سەۋەبىدىن باغلىنىپ قالغان بولسا، ئۇ مۇھەببەت بىر كۈنى بىر يەرلەردىن چۈۋۈلۈپ كېتىدۇ.

مەسئۇلىيەت ھەممىدىن بەك ئەر – ئايال ئارىسىدىكى مېھرى – مۇھەببەتنىڭ خۇرچى. ئۇ بولمىسا، ئائىلە بىناسى ئەر – ئايالنىڭ بېشىغا ئۆرۈلىدۇ.

ھۆرمەت – كىشى سۆيگۈنىنى ھۆرمەت قىلمىسا، بىر كۈنى ئۇنىڭغا بۇ مۇھەببەتنىڭ بەدىلىنى ئېغىر تۆلەتكۈزىشى، ھەتتا سۆيگىنىنى تەنزىگە قويۇپ

سېتىشى مۇمكىن. بۇ ئۇنىڭغا بولغان مۇھەببەتنىڭ چاپىنىدا تەرلىگەندەك ئىش بولۇپ، بۇ قىلىقنى ھېچكىم ياخشى كۆرمەيدۇ.

ياخشى كۆرۈش، سۆيۈلگۈچىنىڭ ھۆرلىكى، شەخسىيىتىگە ھۆرمەت قىلىشنى تەقەززا قىلىدۇ. ھەددىدىن ئاشقان، ھۆرمەتتىن يوقسۇن مۇھەببەت، سۆيۈلگەننى ئەسىر قىلىش، ئۇنى ھەۋەسكە ئايلاندۇرۇش ھېسسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولىدۇ. مانا بۇ ئازغۇن ئارزۇنى پەقەت ھۆرمەت ئارقىلىق تىزگىنلىگىلى بولىدۇ. ياخشى كۆرگىنىنى نەرسىگە ئايلاندۇرۇپ قويۇشتىن ئۆزىنى قاچۇرالىغان كىشىلەرنىڭ سانى ناھايىتى ئاز. ياخشى كۆرگەننى نەرسىگە ئايلاندۇرۇشتىن ساقلىنىشنىڭ ئەڭ كۈچلۈك تەدبىرى ھۆرمەت. چۈنكى، ئىنسان بىر نەرسىنى ياخشى كۆرىشى مۇمكىن، لېكىن ئۇنى ھۆرمەتلەش تۇيغۇسى ھېس قىلمايدۇ. مانا بۇ سەۋەپتىن ھۆرمەت، مۇھەببەتنىڭ كىشىلەر تەرىپىدىن سۈيئىستىمال قىلىنىشىنىڭ ئالدىنى ئالىدىغان يىگانە ئامىل.

# خاتىمە

مۇھەببەت ھەققىدە دېيىشكە تېگىشلىك تېمىلار يۇقىرىدىكىلەردىنلا ئىبارەت ئەمەس، ئەلۋەتتە. بىزمۇ بۇ ھەقتە دېيىشكە تېگىشلىك ھەممە نەرسىنى دېگەنلىكىمىزنى داۋا قىلمايمىز. مېھرى – مۇھەببەت قەتلى قىلىنغان بىر دەۋردە، ئۇنىڭدىن يىراقلىشىپ كەتمەستىن تىك تۇرۇشنىڭ، ئۇمىد مەنبەلىرىنى ئۈزۈپ تاشلىماسلىقنىڭ كاپالىتى بولغان بۇ گۈزەل پەزىلەتكە ساھىپ چىقىشنى مەقسەت قىلماقتىمىز.

مېھرى – مۇھەببەت ئۆگەتكىلى بولىدىغان بىر نەرسىمۇ؟ ئەلۋەتتە، ئۇنى ئۆگەتكىلى بولمايدۇ، پەقەت باشتىن ئۆتكۈزۈلىدۇ. ئىنساننىڭ ياخشى كۆرۈش قابىلىيىتىنى بايقىشى، بۇ يوشۇرۇن غەزىنىنى قېزىپ چىقىرىشى، ئىچىدىكى مۆكەممەل بولغان قۇرۇلمىنى كۆرۈپ يېتىشى، بەلكىم تەربىيە ئارقىلىق ۋۇجۇدقا چىقىشى مۇمكىن.

مېھرى – مۇھەببەتنى ئۆگىتىشنىڭ ئەڭ ئىشەنچلىك ئۇسلۇبى ياخشى كۆرۈش ۋە مېھرى – مۇھەببەت ئۈلى ئۈستىدە قەد كۆتۈرگەن ئۆرنەك بىر جەمئىيەت بەرپا قىلىش.

قۇرئان مېھرى – مۇھەببەت ھەققىدە بۇنچە كۆپ توختالغان. ئۇنداقتا مېھرى – مۇھەببەت بىزنىڭ ھاياتىمىزدا قانچىلىك ئورۇننى ئىگىلەۋاتىدۇ؟ سۆيەلەيدىغان جايلىرىمىزنى ئۆز قولىمىز بىلەن تېخى يوق قىلمىغان بولساق، قېنى ئۇنداقتا ھەممەيلەن بىرلىكتە مېھرى – مۇھەببەت بۇلىقىغا بېشىمىزنى تۇتايلى. شۇنى بىلەيلىكى، ئىسلام ۋە ئىنساننىڭ ئورتاق دۈشمەنلىرى، ئالدى بىلەن مېھرى – مۇھەببەتنى قەتلى قىلىپ، ئۇنىڭ ئورنىغا نەپرەت ئۇرۇقلىرىنى چاچتى. بومبىلىرىنى ياشاۋاتقان جۇغراپىيىلىرىمىزدىن بۇرۇن يۈرەكلىرىمىزگە ئاتتى ۋە ئىشغال قىلىشنى ئۇ يەردىن باشلىدى.

بېشىمىزدىن ئۆتىۋاتقان خارلىقنى نېمىنىڭ سەۋەبىدىن دەپ ئويلاپ قالدىڭىز؟ بىر يۈرەكتە مېھرى – مۇھەببەتنىڭ قېنى تۆكۈلگەن بولسا، سىزچە ئۇ يۈرەككە باھار يەنە كېلەرمۇ؟ مېھرى – مۇھەببەت گۈللىرىنى يۇلغان قول قۇرۇپ كەتمەسمۇ؟ ئۇنىڭدىن پەقەت خۇسۇمەت، ھەسەت، نەپرەت، گۇمان،

ئۆتكۈنچى ھەۋەس ۋە قارا نىيەت قالدۇ. مۇھەببەتنىڭ ئورنىنى مەزكۇر نەرسىلەر ئىگىلىگەن ۋاقىتتا، غەيۋەت، تۆھمەتلەر باشلىنىدۇ، ھەتتا ھاماقەتلىكتىن كېلىپ چىققان خىيانەت ۋە رەھىمسىزلەرچە قىرغىنچىلىقلار باشلىنىدۇ.

شۇنداق، يېقىلغۇسى تۈگىگەن بىر يۈرەك بىلەن بۇ دۇنيانىڭ ئەڭ قىيىن كوچىسىدا قەيەرگىچە مېڭىش مۇمكىن؟ قەلىپ شۇنداق بىر ھارۋا ئىكەنكى، ئۇ ئېلىپ ماڭغان نەرسىلەر ئىچىدە ئىمان، قۇرئان، بەسىرەت، پاراسەت، جامائەت بار. ئەگەر پارچىلاپ يوق قىلىۋەتمىگەن بولسا، تەبىئىيكى ئۈممەت بار. نوپۇسى مىليارتنى تەشكىل قىلغان بۇ مەملىكەتنىڭ يەر كۆلىمى تېخى ھېساپلاپ چىقىلغىنى يوق.

پۈتۈن بۇلاردىن باشقا يەنە، ئۇ يەر ماكانىسىزغا ئۇۋا بولۇپ، ئۇنى كۈتىۋالغۇدەك دەرىجىدە كەڭ. بۇ بىپايان زېمىندا، بۇ ھەددى – ھېسابى يوق يۈكنى توشۇپ ماڭغان ۋاستىنىڭ يېقىلغۇسىمۇ چەكسىز بولىشى كېرەك. مانا بۇ يېقىلغۇ « مېھرى – مۇھەببەت ». ئەگەر ئۇنداق بولمىسا، بۇ مىسلى كۆرۈلمىگەن ئېغىر يۈكنى ئېلىپ مېڭىشقا، يۈرەكتىن باشقا ھېچقانداق بىر ۋاستە بەرداشلىق بېرەلمەيدۇ ۋە مېھرى – مۇھەببەتتىن باشقا ھېچقانداق بىر يېقىلغۇ توشمايدۇ.

بىر ئەبەدىيەتنى ئېلىپ ماڭغان بىپايان ۋاستىغا، پۈتمەس – تۈگىمەس يېقىلغۇدۇر مېھرى – مۇھەببەت.

شۇڭا « ئالدى بىلەن ياخشى كۆر ... » دەيمىز. قېرىنداشلىقنى بىر قېتىم ياخشى كۆردۇڭمۇ، ئۇنىڭغا يامانلىق قىلالمايسەن. ئەگەر مۇئمىنلەر قولىمىزدىن، تىلىمىزدىن ئەمىن بولالمىسا، بۇ مېھرى – مۇھەببەتسىزلىكىمىز سەۋەبىدىن كېلىپ چىققان بولىدۇ. ياخشى كۆرۈشنىڭ « جەننەت »، « ئىمان » مەنىسىنى ئىپادىلەيدىغانلىقىنى رەسۇلۇللاھنىڭ ئاغزىدىن يەنە بىر قېتىم ئاڭلايلى:

« ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، بىر – بىرىڭلارنى ياخشى كۆرمىگىچە ئىمان ئېيتقان بولمايسىلەر، ئىمان ئېيتمىغىچە جەننەتكە كىرەلمەيسىلەر ».

ئىنسان ئىنسانغا بېرەلەيدىغان بىباھا ھەدىيە مېھرى – مۇھەببەت. بىر ئەسىرنى ئەسرى سائادەت قىلغان نەرسە مانا بۇ. ئۇلار مېھرى – مۇھەببەتنى ئەڭ يۇقىرى سەۋىيەدە ياشىغان بولۇپ، كېيىنكى نەسىللەر ئۇلارنىڭ بۇ مېھرى – شەپقەت يالدامىسىنى ئەسىرلەپ ئىشلىتىپ تۈگىتەلمىدى. قېنى بىزمۇ بۇ

مېھرى – مۇھەببەتنى تۆگەتكۈچىلەردىن ئەمەس، ياراتقۇچىلاردىن بولايلى. شۇنداق بىر يارىتايلىكى، بىزدىن كېيىنكى نەسللەرگىمۇ يەتسۇن بۇ مېھرى – مۇھەببەت.

شۇنى بىلەيلىكى، مەدىنە ئالدى بىلەن يۈرەكلەردە قۇرۇلدى، ئۇنىڭغا مۇئمىنلەر مەككىدىكى ۋاقتىدا ھامىلە بولغانىدى. قەلبىدە بىر تەۋەرۈكتەك ئاسراپ چوڭ قىلغان بۇ بوۋاقنىڭ دۇنياغا كېلىشىنىڭ ئىسمى ئىدى مەدىنە دۆلىتى.

ئىچىمىزدىكى دۆلەتتىن بىخەۋەر ياشىغان بىزلەرنىڭ، بولۇپمۇ يۈرەك دۆلىتىنى سەلبىي مۇئامىلىلىرىمىز بىلەن خارابىيلىققا ئايلاندۇرغان بىزلەرنىڭ، دۆلەتتىن ئېغىز ئېچىشىمىز مەنمەنچىلىك قىلغانلىقتىن باشقا نەرسە ئەمەس.

ئەگەر پۈتۈن دۇنيادىكى ئىنسانغا ۋە ئىنساندىكى دۇنياغا بارلىقىنى سەرپ قىلغانىسرى كۆپىيىدىغان ئورتاق دەسمى بولغان مېھرى – مۇھەببەت ھاكىم بولمايدىكەن، ئىنساننىڭ سائادىتى قانداقمۇ ۋۇجۇدقا چىقىدۇ؟ ئىنسانلار، يۈرەكلىرى ئىشغال ئاستىدا بولغان بىر جەمئىيەتتە ياخشى كۆرۈشنى نېمە بىلەن قايسى شەكىلدە ۋۇجۇدقا چىقىرىدۇ؟